# كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى

(1)

( ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ )

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كېرىيە
ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى
ئىشخانىسى تۈزدى

2000·11

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى

## تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى


تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: جاۋ شىجەن

مۇئاۋىن تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: رېھىم نىياز

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:

ئابدۇقادىر تۇرسۇن
ئابدۇرىشات مۇساجان
مەمتىمىن مەتسىدىق
سىپىرەمخان قاسىم
تاڭ دېگاۋ
ئابدۇكېرىم قاسىم
خو شىنسەن
مەمتىمىن ئوسمان

باش مۇھەررىر: مەتروزى ئەخمەت

مەسئۇل مۇھەررىر: مەتتۇرسۇن ئۇبۇلقاسىم

مۇھەررىرلەر: مەمەت ئەيسا قۇربان، مەتتۇرسۇن سۇلايمان.



1958 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى قۇربان تۇلۇمنى قوبۇل قىلدى.

بۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن سۈرەتتىكى ھەيكەل 1996 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىي كىرىش ئېغىزىغا قاتۇرۇلۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش بازىسى قىلىندى.

1958年6月28日毛泽东主席亲切接见了会国劳动模范库尔班。吐鲁木。作为纪念并青少年进行爱国主义教育，1996年在于田县的西进口定了这一雕塑像。



كېرىيە ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن
شۇجىسى ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ بېغىشلىمىسى

原于田县县长,现和田地委副书记阿布都热赫曼.库尔班的祝词

ئانا يۇرتۇم قەدىمى كېرىيەنىڭ ئۆزىگە
خاس تارىخى شان-شەرىپى مۇنەۋۋا-
مەدەنىيەت خەزىنىسىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.
خەلقىمىز ئالدىنقىلارنىڭ روھىغا ئىجادىي ۋار-
سىلىق قىلىپ. تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسى يارىتىش
ئۈچۈن تىرىشماقتا، يۇرتۇمنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىپ
يايناشقا تىلەكداشمەن.
«كېرىيە تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى»نىڭ نەشر
قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.
ئابدۇراخمان قۇربان
2000-يىل 10-ئۆكتەبىر. خوتەن.

我的古老的于田有自己的光荣历史.在中华文化宝库中闪耀着光芒.人民沿着前辈的足迹为了创造更加辉煌的未来努力忠心祝故乡更加繁荣壮大.

热烈祝贺《于田文史资料》出版.

阿布都热赫曼·库尔班

二零零零年十月 和田



原于田县委书记，现和田地委常委，和田市委书记 李斌

كېرىيە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، خوتەن شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى بىڭنىڭ بېغىشلىمىسى

以史为鉴

振兴于田

李斌

一九九八年十二月廿五日

تارىخنى ئۆرنەك قىلىپ، كېرىيىنى گۈللەندۈرەيلى.

لى بىڭ

1998 - يىل 15 - دېكابىر



于田县委书记张秀成的祝词

كېرىيە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ شيۇچېڭنىڭ بېغىشلىمىسى

挖掘民族文化
弘扬丝路文明
借鉴历史经验
再铸于田辉煌

張秀成

2000年十月十八日

مىللىي مەدەنىيەتنى قېزىپ چىقىرىپ، يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرايلى. تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، كېرىيەنىڭ پارلاق كېلەچەكنى يارىتايلى.

جاڭ شيۇچېڭ

2000 - يىل 18 - ئۆكتەبىر



كېرىيە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
مۇھەممەتجان غوپۇرنىڭ بېغىشلىمىسى

于田县人大常委会主任穆汉麦提江．乌甫尔的祝词

كېرىيە — ئەجدادلارنىڭ مول مەدەنىيەت
مىراسلىرى قالدۇرۇلغان قەدىمىي يۇرتلارنىڭ
بىرى، شۇڭا كېرىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىنى داۋاملىق
يىغىپ چىقىرىپ، ئۇنى ھەر ساھە ئىشلار ئۈچۈن
ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇپ، كېرىيەنى يەنىمۇ
زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈش يولىدا
ئورتاق تىرىشايلى!

مۇھەممەتجان غوپۇر

于田是具有祖先丰富文化遗产的古老地区之一，因此，不断收集出版文史资料，使之为各项事业积极工作，为于田取得了更大的发展而共同努力．

穆汉麦提，乌甫尔



كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئابدۇللا قۇرباننىڭ بېغىشلىمىسى

于田县县长阿布都拉．库尔班的祝词

تارىخى ماتېرىياللارنى توپلاش، نەشر
قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۆتكەنكىنى
بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ناھىيىمىزنىڭ
ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرەيلى!

ئابدۇللا قۇربان

25 . 12 . 1998

认真做好文史资料的收集出版工作，使过去为今天工作，而更加推动我县的两个文明建设．

阿布都拉．库尔班



سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەيسا توختىنىڭ بېغىشلىمىسى

政协于田县委员会主席艾萨．托合提的祝词

كېرىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ،

كېرىيىنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلىش ئارقىلىق بۈگۈنىنى چۈشىنىپ ئۇنى ئاسراش ئۈچۈن

قەدىرلەپ، پارلاق ئەتىسىگە يول ئاچايلى.

ئەيسا توختى

٢٠٠٠-يىل ئاپرېل

深入研究于田文史资料，通过于田的过去和今天并珍惜它，为开拓光辉的明天而努力．

艾萨．托合提



سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى
يۇسۇپ سالەينىڭ بېغىشلىمىسى

原政协于田委员会主席玉素甫．萨来的祝词

تارىخى ماتېرىياللارنى توپلاپ نەشىر قىلىش ۋە ئۇنى
تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ
كېرىيەنى ئېچىش گۈللەندۈرۈشكە ئۇچۇرلۇق ئاكتىپ
خىزمەت قىلدۇرايلى

يۇسۇپ سالەي

1998 · 12 · 25

认真搞好文史资料的收集，出版和研究工作为开发和繁荣于田而发挥积极的作用．

玉素甫．萨来

# كىرىش سۆز

ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق «كېرىيە تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ بىرىنچى توپلىمى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر جەھەتتىن قوللاپ مەدەت بېرىشى، مەرىپەتپەرۋەر ئاقىللارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ناھىيىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت سېپىدىكى تارىخىي يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ، ناھىيىمىزدىكى 200 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن يەنە بىر زور ئۇتۇقى، شۇنداقلا مەدەنىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدىكى خۇشاللىنارلىق زور ئىش. ئۇ ناھىيىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك رول ئوينىغۇسى.

ۋاقىتنىڭ نۇر تېزلىكىدە ئۆتۈشى بۈگۈننى ئەتىنىڭ تارىخى سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كېتىۋېرىدۇ. يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، ئىزلىرىمىزنى كۆمۈشكە ئالدىرايدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قەدىردان جۇزۇڭلى ئۆز ۋاقتىدا مەملىكىتىمىز مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان تارىخىي ماتېرىياللارنى سىياسىي كېڭەش ئورگانلىرىنىڭ توپلاپ يېزىشنى مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا تەشەببۇس قىلغانىدى، شۇنىڭدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىكى

ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر ئاللىقاچان كۆمۈلۈپ كەتكەن ھەم كۆمۈلۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان زور تۈركۈمدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تېزدىن قۇتقۇزۇپ نەشر قىلىپ، ئۇنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇردى. لېكىن «كېرىيە تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ نەشر قىلىنىشى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ناھايىتى كېيىن قالغان بولسىمۇ، مەخسۇس تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى قۇرۇلۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جىددىي تۇتۇش قىلىپ، ئىز قوغلاپ، جاپالىق تەكشۈرۈش، تەكرار ئىزدىنىش ئارقىلىق، تارىخىي ماتېرىياللارنى قېزىش، توپلاش خىزمىتىدە تۇنجى قەدەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باستۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىگە تۇنجى قېتىم تۇتۇش قىلىپ، ئاساس سالغان سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 7 ـ 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش ئىسمايىل تۇردى، سەئىدى ئىبراھىم، مەرھۇم ئابدۇللا تۇرسۇن، يولداش ئابدۇقادىر تۇرسۇن، سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى مەتروزى باۋۇدۇن، سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى يۇسۇپ سەلەي قاتارلىقلارغا ھەم ھەر جەھەتتىن قوللاپ، كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان رەھبەرلەرگە، شۇنداقلا ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىپ كېلىۋاتقان قەلەم ئىگىلىرىگە چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز.

ھەممىگە مەلۇمكى، كېرىيە قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي غول لىنىيىسىگە جايلاشقان، تارىخى ئۇزۇن يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختا ئاجايىپ زور ۋەقە ـ ھادىسىلەر ھەم ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن كىشىنى ئېغىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان

تارىخىي تەرەققىيات ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. . . ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق بولغىنى شۇكى، يۇرتىمىزنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن، مول تارىخىنىڭ ئازادلىق ھارپىسىدىكى ھەم ئازادلىقتىن كېيىنكى تارىخىنىڭ بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان تارىخلىرى يېزىق ئارقىلىق قالدۇرۇلمىغان ياكى قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنە تۈرلۈك ۋەقە ـ ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

يۇرتىمىزنىڭ بىر تولىمۇقچى بولغان ئاشۇ تارىخىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ھەربىي ئىشلارنى، قائىدە ـ قانۇن، نىزاملارنى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەنئەت، ساقلىقنى ساقلاش، يېزا ئىگىلىك، سودا ـ سانائەت قاتارلىقلارنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، تارىخىي شەخسلەرنى، يېزا، كەنت ھەم يۇرتلارنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى، سۇ، تۇپراق، تەبىئەت ھادىسىلىرى، خەلق تۇرمۇشى، مىللەتلەر ئەھۋالى، مىللىي، دىنىي ئىشلار، مەشھۇر كىشىلەر توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر، ھەر خىل ئاسار ئەتىقىلەر قاتارلىق نۇرغۇن ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كىرىيە تارىخى ماتېرىياللىرى، يۇرتىمىزنىڭ ئەنە شۇ قەدىمكى تارىخىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان بىر پۈتۈن تارىخىنى دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە تارىخنىڭ چىنلىقىغا ھۆرمەت قىلىپ، كۆمۈلۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغانلىرىنى ئاۋۋال جىددىي قۇتقۇزۇش، ئالىمقاچان كۆمۈلۈپ قالغانلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، كۆرگەن ـ ئاڭلىغان، ھايات شاھىدلاردىن ئەستايىدىللىق بىلەن سوراپ ئىگىلەپ، قۇتقۇزۇش ئاساسىدا، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە

كېيىنكى تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى توپلاپ نەشر قىلىش ئارقىلىق يۇرتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇرغۇزۇپ چىقىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى، بولۇپمۇ بىر ئەۋلاد ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئەمەلىي، جانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ماتېرىيالىغا ئىگە قىلىپ، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئىستىلنى داۋاملىق يېتىلدۈرۈپ، ئاڭلىق ئاساستا «كېرىيەنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش» ئۈچۈن جاپالىق ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز تۆھپە يارىتىدىغان قەيسەر ئىرادىسىنى يېتىلدۈرۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، قەرەلسىز ھالدا ئۈزۈلمەي نەشر قىلىنىدىغان تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمىدۇر.

«كېرىيە تارىخى ماتېرىياللىرى» دىيارىمىزدا ئەمدىلا كۆكلەشكە باشلىغان بىر يۇمران مېۋىلىك كۆچەت، ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن ئۈزۈلمەي نەشر قىلىنىپ، بارغانسېرى باراقسان ئۆسۈپ، خۇش پۇراقلىق چېچەكلەپ، ناھىيىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك بولغان مول مېۋىلەرنى بېرىشى ئۈچۈن، ناھىيىمىزدىكى، جۈملىدىن باشقا جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ، قەلەم ئىگىلىرىنىڭ، شۇنداقلا ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ ئاسرىشى، دائىم يېتەكچىلىك قىلىشى، ناھىيىمىزنىڭ تارىخىغا ئالاقىدار بولغان ماقالە - ئەسەرلەرنى داۋاملىق يېزىپ ئەۋەتىپ، يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، كېرىيە تارىخى قېرىنداش ناھىيە، ۋىلايەتلەرنىڭ تارىخىغا چوڭ جەھەتتىن ئوخشىسىمۇ، قىسمەن جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. . . مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خىلمۇ خىل ئىنچىكە مەسىلىلەرگە قارىتا، تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتىمىز ھەمدە ماقالە ئاپتورلىرى ھەم تەھرىر ھەيئەتلىرىمىز مەسئۇلىيەتچانلىق

بىلەن ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش، تەھرىرلەش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ، ماقالىلەرنىڭ تارىخىي چىنلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشتى. شۇنداقتىمۇ ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بولغىنىدەك، بەزىبىر سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابخانلارنىڭ، تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇستازلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىپ، بۇندىن كېيىنكى «كىرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى چىقىشى ئۈچۈن يېقىندىن ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

سىياسىي كېڭەش كىرىيە ناھىيىلىك كومىتېتى
تارىخىي ماتېرىياللار ئىشخانىسى

# مۇندەرىجە

كىرىيە ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قىسقىچە بايان..............
............................................................ مەتسېلىم مەتقاسىم (1)

## ئىزدىنىش

كىرىيەنىڭ تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ..................
............................................................ مەتكېرىم ئىسمايىل (13)

كىرىيە تارىخى خاتىرىلىرىدىن قىسقا قۇرلۇق چاتما بايانلار...........
............................................................ بارات ئىمىن (21)

## مۇنداق ئىشلارمۇ بولغان

كىرىيە خەلقىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە ..................................
........................ ئىمىن رەئىس ھاجىم | ئىمىن روزى (35)

## كىرىيەدە ئۆتكەن تارىخى ئەخسلەر

ئىسمايىلخان توغرىسىدا ئەسلىمە .............. ئابدۇكېرىم قاسىم (71)
شائىر زەھۆرى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ......... (87)
شىرىپ بوجاڭ پاجىئەسى توغرىسىدا ........................... (92)
قۇربان تۇلۇم توغرىسىدا ئەسلىمە ............. ئابلىز مەمتىلى (104)

## ئۆچمەس ئابىدىلەر

كېرىيەدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى.................... مەتكېرىم ئىسمايىل (112)

قارا قۇرۇم تەبىئىي سۇ ئامبىرى - ئىبراھىمكۆل.................... ئابدۇقادىر تۇرسۇن (121)

## مائارىپىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز

كېرىيەنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەسلىمە .......... ئابدۇقادىر تۇرسۇن (129)

## سودا ۋە تىجارەت

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى سودا - تىجارەت ئەھۋالى توغرىسىدا ئەسلىمە ... .................... تۇرسۇن قادىر ھاجى (140)

## ئىختىساسلىقلار ئائىلىسى

كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ھەققىدە ئەسلىمە .................... مەتروزى ئەخمەت (146)

## يىلنامىلەر

كېرىيە تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى .................... مەتكېرىم ئىسمايىل (172)

# كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قىسقىچە بايان

**مەتسىلىم مەتقاسىم**

كېرىيە ناھىيىسى كوئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بىر پارچە بوستانلىق بولۇپ، قەدىمدە بۇ جاي يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم تۈگۈن ئىدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ 1950 - يىلى لىيۇ يازى ئەپەندىگە يازغان مۇشائىرەسىدە «بارچە مىللەت چالدى ساز، يۈيتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە» دېگەن يالقۇنلۇق مىسرانى يېزىپ، كېرىيەنىڭ «يۈيتيەن» دېگەن قەدىمىي نامىنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر نامىدا ئىشلەتكەن. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەشھۇر ئەمگەك نەمۇنىچىسى قۇربان تۇلۇم مۇشۇ ناھىيىنىڭ تۇغرىغاز يېزىسىدىن. . .

كېرىيە ناھىيىسى - شەرقتە بىپايان ساي ۋە قۇملۇق ئارقىلىق نىيە ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبتا كۆككە باش قويۇپ ياتقان كوئىنلۇن تېغى ئارقىلىق شىزاڭ بىلەن، غەربتە - بوك - باراقسان جاڭگاللىق ئارقىلىق چىرىيە ناھىيىسى بىلەن، شىمالدا تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېردىئان ′81°.30 — ′51.°82،

ئاياللىرى تال - تال ئۆزۈن چاچ قويىدۇ. بېشىغا ئاق ياغلىق، ئۈستىگە كۆچا ئەلتېرە قويىنىڭ نېپىز كۆرپىسىدىن تىكىلگەن كىچىك تەلپەك، ئۇچىسىغا ياقىلىق پەرىجە، ياقىلىق كۆڭلەك كىيىدۇ. . . ئومۇمەن، ياش قۇرامى دەۋرىگە ئاساسەن ھەر خىل نۇسخىلاردا كىيىنىدۇ.

قىسقىسى، كېرىيە ناھىيىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىپىك ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك پاسونى، تۇرمۇش ئادىتى ھازىرغا كەلگىچە بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ كەلمەكتە.

كېرىيەنىڭ تاغلىرىدىن ئالتۇن، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ھاك تېشى، خىروستال، تاشپاختا، گۈڭگۈرت، چىرىمتال قاتارلىق كان بايلىقلىرى چىققاندىن سىرت، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر بولغان ئاق، يېشىل، قىزىل ۋە قارا رەڭدىكى قىممەت باھالىق قاشتېشى، ھېقىق، برىلياتلار چىقىدۇ. ناھىيە مەركىزىدىن 300 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا، يەنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەريا بويى يېزىسى بار[①]. تەبىئىي شارائىت چەكلىمىسىدىن ئۇ يەردىكى خەلقلەر تارىختىن بۇيان تېرىقچىلىق قىلىپ باقمىغان. ئۇلار پەقەت چارۋا بېقىپ ئۇستۇرۇپ، ئۇنى ناھىيە بازىرىغا ئەكېلىپ، ئاشلىق، كۆكتات ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ھازىر بۇ يېزىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ.

كىتابىمىزنىڭ كىرىش سۆز ۋە باشقا سەھىپىلىرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، كېرىيە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشقا قېرىنداش ناھىيىلەرگە ئوخشاش تارىخىي

① • مەزكۇر يېزا 80 - يىللاردا ئاخبارات ۋاسىتىلىرى نەرىيىدىن سىرلىق ماكان قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭغا بىر نەپەر مۇخبىرنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقى سەۋەب بولغان.

شىمالىي پاراللېل 35°.14′ — 39°.29′ قا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگە تۈز سىزىق ئارىلىقى 927 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 41 مىڭ 576 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 400 كۋادرات كىلومېتىر قاراخان مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، 365 مىڭ 891 مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 24.5 پىرسەنتىنى؛ چۆللۈك، قۇملۇق، دۆڭلۈك كۆلىمى 29 مىڭ 224 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ 70.3 پىرسەنتىنى، سۇ كۆلىمى 378 كۋدرات كىلومېتىر بولۇپ، 0.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئوتلاق كۆلىمى 1373 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 3.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ناھىيىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 471.7 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە بولغان كەڭلىكى 124.6 كىلومېتىر؛ ناھىيە تەۋەسىدە 15 يېزا - بازار، بىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قوي خوجۇلۇق ئورنى، يېزا ئىگىلىك سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى ۋە قاراخان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بار. ناھىيە بويىچە 172 مەھەللە كومىتېت، 746 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، 42 مىڭ 126 ئائىلە، 193 مىڭ 163 نوپۇس بار. ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە دېھقان - چارۋىچىلار 174 مىڭ 712 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 90.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.①

كېرىيە خەلقى مېھماندوست، چاي خۇمار، ئۇۋچىلىقتا ھېرىسمەن خەلق. ئەرلىرى بېشىغا شاپاق بۆك، قارا كۆرپىدىن تىكىلگەن چوڭ قاسقانلىق تەلپەك، ئۇستىگە تونچى چاپان، تونچى يەكتەك كىيىدۇ. بىلىگە پىچاق ئېسىلغان بەلۋاغ باغلايدۇ.

① بۇ سانلىق مەلۇماتلار 1997 - يىلىدىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالىدىن ئېلىندى.

تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىمۇ ئازادلىق تېڭى ئاتتى.

1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئازادلىق ئارمىيە 15 ـ تۇەنى خوتەنگە يېتىپ كېلىپ، 1950 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەلگەندە، كېرىيەدىكى گومىنداڭنىڭ كونا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى بىكار قىلىپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى خەلقنىڭ قولىغا ئېلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى قاتارلىق باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. مانا ئاشۇ خاسىيەتلىك كۈنلەردە، كېرىيە خەلقىمۇ باشقا قېرىنداش ناھىيە، ۋىلايەتلەردىكى خەلقلەرگە ئوخشاش ئازاد زاماننىڭ چەكسىز شادلىقىغا ئېرىشتى. جۈملىدىن كېرىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقى جاھالەتلىك زامانلاردا تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە خاتىمە بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ھەم شانلىق تارىخىنى يارىتىش يولىدا، سوتسىيالىزم يولىغا يۈرۈش قىلىپ، شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ يەردە مەشھۇر ئەمگەك نەمۇنىچىسى قۇربان تۇلۇمنىڭ كېرىيە خەلقىنىڭ تەشەككۈرىنى ئېلىپ رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن دىدارلىشىش ئۈچۈن، 1950 ـ يىللاردىلا پايتەخت بېيجىڭغا قاراپ سەپەر قىلىش كۈچلۈك ئارزۇسى تۇغۇلۇپ، بىر قانچە قېتىم يۈرۈش قىلغانلىقىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. چاڭقىغان ئادەم زىلال سۇغا ئېرىشكەندە، قانداقمۇ قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇپ قالسۇن! مەرھۇم قۇربان تۇلۇمنىڭ ئۆزى ئۆستۈرگەن مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئېلىپ بىر قانچە قېتىم پىيادە يولغا چىققانلىقى... ئاخىر 1958 ـ ۋە 1959 ـ يىلى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ يەنە بىر قېتىم مۇرادىغا يەتكەنلىكى، بەئەينى پەختەكلى خەلقنىڭ رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يازغان تەشەككۈر خېتىگە ئوخشاش،

ئۆزىۈن، ئۆرپ - ئادەت ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەتلەردە ئۇيغۇرلارغا خاس ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ كېلىۋاتقان قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. كېرىيەدە قۇرۇلغان ئۆزىۈنتات، تۇخارا شەھەر بەگلىكلىرى 220 - 280 - يىللاردا خوتەندە قۇرۇلغان ئۇدۇن خانلىقىغا قوشۇلۇپ كەتكەن ۋە 1006 - يىلىغا قەدەر ئۇدۇن خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. بۇ جەرياندا ئۇدۇن خانلىقى ئىچىدە قۇرۇلغان غەربىي خەن، شەرقىي خەن، شىمالىي ۋېي ۋە تاڭ سۇلالىسى قاتارلىق سۇلالىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان ھەمدە بەزى مەزگىللەردە ھۇنلار، جۇرجانلار، ئېفتالىتلار، تۈركلەر، تۈبۈتلەر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھامان ئۆزىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا، خوتەن رايونى بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئويناپ، ئالاھىدە تۆھپە قوشقان...

بوران - چاپقۇنلۇق يىللار بىر - بىرى بىلەن قوغلىشىپ، 1884 - يىلىغا كەلگەندە، قەدىمىي يۇرت كېرىيە ناھىيە بولۇپ تەسىس قىلىنغان. ئۆز ۋاقتىدىكى فېئودال ھاكىمىيەتنىڭ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدا، خەلقنىڭ پەريادى چەككە يېتىپ، ئاشۇ كۈرەشچان يىللاردا شىنجاڭدا زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرى تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى خىلۋەت ماكان كېرىيەنىمۇ ئويغاتقان... پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك دەستۇرى قىلىپ، سانسىزلىغان باھادىرلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە قولغا كەلگەن ھاكىمىيەتنىڭ بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقىنى پۈتۈن جۇڭگوغا ئېلىدە جەۋلان قىلدۇرغاندا، بۈيۈك

قىلىپ قالدۇرغان گۈزەل سەنئەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ناخشا - مۇزىكا، مەشرەپ، دارۋازچىلىق قاتارلىق مىللىي مەدەنىيەت بايلىقلىرى كېرىيەنىڭ كۆجۈم مەھەللە - كەنتلىرىدە ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە شان - شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرسا، «قارا دۆڭ خارابىسى»، «قىغاز كونا شەھەر خارابىسى» قاتارلىق 24 مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى ئۆز كامالىنى تېپىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆچمەس مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق شاھىدى بولۇپ تۇرماقتا. . . مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ يەنە بىر بايلىقى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقلىرى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ كەلگەن ھەر خىل مەزمۇندىكى خەلق چۆچەكلىرى، خەلق قوشاقلىرى، خەلق ماقال - تەمسىللىرى، قىزىقچىلىق، لەتىپە ۋە چاقچاقلار بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئائىلىسىدە ئۆزگىچە خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ. كېرىيە خەلقى، ئەنە شۇ قىممەتلىك بايلىقلارنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇپ بەرگەن مەرھۇملاردىن مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر خەلق سەنئەتچىسى مەڭلەشخان، كېرەمئاخۇن نەغمىچى، ھەسەنئاخۇن تەمبۇر، يۈسۈپئاخۇن سۇناي، رەسسام ۋە شائىر مەتتوختى ئىسمائىل قاتارلىقلارنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ياد ئېتىدۇ ھەمدە ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا شۆھرەت قازانغان لەپەرچى سۇلايمان روزى، ئۆمەر سەيدۇللا، راۋاپچى يۈسۈپ ھوشۇر، ئۇسسۇلچى مېھرىگۈل ئەمەت، ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇنبىرىدە يېڭىدىن چاقناۋاتقان ياسىن زىلال، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، ئەنۋەر تاشتۆمۈر، مۇھەممەت تەشنائى، ئابدۇقادىر تۇرسۇن، مەتقاسىم مەتنىياز، مەتتۇرسۇن سۇلايمان، ئۆركەش ئىبراھىم، مەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا، مەممەتئىمىسا قۇربان، ئابدۇرشات مۇساجان، مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم، مەتىبلىم

ئەمگەكچان كېرىيە خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنىڭ جانلىق پاكىتى ئەمەسمۇ؟ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە باتۇر، ساداقەتمەن كېرىيە خەلقىنىڭ ھالال تەر، ئەجرىدىن بارلىققا كەلگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ۋە سانسىزلىغان مۆجىزىلەر ھەرقانداق كىشىنى پەخىرلىك ھېسسىيات دەرياسىغا چۆمدۈرمەي قالمايدۇ.

كېرىيە ناھىيىسى — دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان چوڭ يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى بولۇپ، كەنتلەردە ئاساسلىقى بۇغداي، قوناق، كېۋەز تېرىلىدۇ. ياپلاقلىرىدا قوي، ئۆچكە، ئات، كالا بېقىلىدۇ. شال بىلەن ئۈزۈم بۇ ناھىيىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق مەھسۇلات تۈرى لايىھىسىگە كىرگۈزۈلگەن. تۇپتۇز كەتكەن نەچچە يۈزمىڭ مولۇق شالچىلىق ئېتىزلىرىغا باب كېلىدىغان دەريا ساھىلى ئىچىدىكى ياپلاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان 35 مىڭ مولۇق بىرياپ بوستان شالچىلىق رايونى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا يېيىلىپ ياتسا، لەنگەر ئۈزۈمچىلىك بازىسى غەربىي جەنۇبتا بىر پارچە چوڭ يېشىل مەرۋايىتتەك كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. گويىتوغراق يېزىسى ئۆزىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا داڭلىق كۆك شاپتۇلى بىلەنلا ئەمەس، ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت مەھسۇلاتىنىڭ ئۇدا يۇقىرى بولۇپ كەلگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ... 1949 - يىلى ناھىيىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 14 مىڭ 5.364 توننا، مو بېشى بىرلىك مەھسۇلاتى 69 كىلوگرام، چارۋا 152 مىڭ 232 تۇياق بولغان بولسا، ھازىر ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 111 مىڭ 911 توننىغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 368 كىلوگرامغا، چارۋا 604 مىڭ 704 تۇياققا يەتكۈزۈلدى. يىراق تارىختا كېرىيەلىكلەرنىڭ ئەجدادى مىراس

كونلۇن تاغلىرىدىكى ھەيۋەتلىك چىلغىلاردىن باشلاپ تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان دەريا بويى يېزىسىغىچە مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ھازىر ناھىيىدە 120 يۇرۇش مەكتەپتە 36 مىڭ 128 نەپەر ئوقۇغۇچى، 1805 نەپەر ئوقۇتقۇچى كىرىيە مائارىپىنىڭ گۈزەل گۈلىستانىنى قۇرماقتا.

ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. بولۇپمۇ كىرىيەنىڭ كەسپىي مائارىپى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يېقىندىن يار - يۆلەك بولۇشى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ كەسپىي مائارىپ توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ ۋە پىكىرلىرى بويىچە يولغا قويۇلۇپ، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

كىرىيە يېزا ئىگىلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ھازىر 34 ئوقۇتقۇچى، 320 نەپەر ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، كەسپىي مائارىپ توغرىسىدىكى ئىلمىي تەجرىبىلەر ئۈزلۈكسىز توپلىنىپ، ھازىرغا قەدەر 1072 نەپەر ئوقۇغۇچى ھەر خىل كەسپلەر بويىچە تەربىيىلەندى ھەمدە بۇ تەجرىبىلەر باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى.

كىرىيەگە سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق كىشى بۇ يۇرتتىكى ئىگە - چاقىسىز قالغان يېتىم - يېسىرلارنىڭ «بالىلار پاراۋانلىق مەكتىپى» دە خۇددى ئۆزىنىڭ ئىللىق ئائىلىسىدە تۇرغاندەك ساغلام، خۇشال تۇرمۇشقا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈپ سۆيۈنمەي، ھاياجانلانماي قالمايدۇ.

1989 - يىلى قۇرۇلغان ناھىيىلىك «بالىلار پاراۋانلىق

مەتقاسىم، مەتسەيدى مەتقاسىم، مەتكېرىم ئىسمايىل، قادىر تۇردى، ھەبىبە مەممەتئەيسا، گۈلباھار مۇسا، مەريەمگۈل مەتقۇربان قاتارلىق قەلەم ئىگىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

ناھىيە مەركىزىدىن مەھەللە كومىتېتلارغىچە مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. مەدەنىيەت تارقىتىش مەركىزى بولغان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى 1992 - يىلى ۋە 1993 - يىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەملىكەتلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ناھىيىمىزدىكى ساھىب قەلەم ئىگىلىرىنىڭ جاپالىق مېھنەتلىرى بىلەن «كېرىيە خەلق ماقال - تەمسىللىرى»، «كېرىيە خەلق قوشاقلىرى»، «كېرىيە خەلق چۆچەكلىرى» قاتارلىق ئۈچ توپلام مۇۋەپپەقىيەتلىك نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. 1994 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن كېرىيە ناھىيىلىك يازغۇچى، ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، مىللىي مەدەنىيەت سېپىدە يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. جەمئىيەت ئەزالىرى ناھىيىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى، ئىسلاھات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاخبارات ۋە باشقا ژانىرلاردىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېزىت - ژۇرناللارنى تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت سېپىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

ئازادلىق ھارپىسىدا كېرىيەدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىمىقىدا پەقەت ئۈچ ئورۇندىلا پەننىي مەكتەپ بولۇپ، ئاران 500 گە يېقىن بالا ئوقۇيتتى. ساۋاتسىزلىق بۇ ماكاننى غۇربەتچىلىككە پاتۇرۇپ قويغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن

ئۆستەڭلەر، «نۇرى مۇھەممەت»، «گوتتۇرا زاكو»، «توغراق»، «ئارش»، «مارجان زاكو»، «بەخت ئۆستىڭى زاكوسى» قاتارلىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى يېڭى زامانىنىڭ يېڭى سىمپونىيىسىنى ياڭراتقان بولسا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە باش كۆتۈرگەن «كوئىنلۇن ئېلىش بېشى» قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، كېرىيەنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا كۆركەم نەقىش بولۇپ چېكىلدى.

1980 ـ يىلى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلغان توغراق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە لەنگەر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى كېرىيە خەلقىنىڭ كىرسىن چىرىقىغا خاتىمە بەرگەندىن باشقا، بۇ ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. 1998 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قۇرۇلغان كوئىنلۇن ئېلىش بېشى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ناھىيىنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىدا يەنىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ تارىخىي ئەھمىيەتلىك پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاتناش ۋە پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. ئوڭغول ـ دوڭغول يوللار ۋە ئەنە شۇ يوللاردىكى يارىيار ھارۋىلارنىڭ غىچىرلاپ مېڭىشلىرى بارغانسېرى يىراقتا قېلىۋاتقان تارىخ قوينىغا كۆمۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى راۋان ھەم كۆركەم ياسالغان ئاسفالىت يوللار، ھەرخىل ماركىلىق ئاپتوموبىللار ئىگىلىدى. ئاسفالىت يول لىنىيىلىرى ناھىيە مەركىزىدىن كوئىنلۇن باغرىدىكى ئاتچان يېزىسىغىچە ھەمدە تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى يېڭىباغ، ئويتوغراق قاتارلىق 14 يېزا ـ بازارغىچە ئۇلىنىپ، قەدىمىي بۈيۈك يىپەك يولىنىڭ يېڭى دەۋردىكى گۈزەل

مەكتىپى» پارتىيىنىڭ يېتىم باللارغا بولغان چوڭقۇر غەمخورلۇقىنى يەتكۈزۈپ، ھازىرغا قەدەر 90 نەپەر ئىگە ـ چاقىسىز بالا قوبۇل قىلىنىپ، 23 نەپەر بالىنى تىككۈچىلىك، ياغاچچىلىق، ساتىراشلىق قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە ئۇزاتتى؛ ھازىر 12 نەپەر بالا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئالتە نەپەر بالا ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتىدۇ. بۇ شەپقەت يەتكۈزۈش ئورنى يېتىم باللارنى تۇرمۇش جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن ئوقۇتۇش ۋە كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئىگە ـ چاقىسىز باللارنى ھالاكەت ئېغىزىدىن قۇتقۇزۇپ، ئىللىقلىق ۋە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. باللار بېجىرىم چوڭ بولۇپ ئۆزىنىڭ پارلاق كەلگۈسىدىن سۆيۈنمەكتە. بۇ نەقەدەر مېھرىبانلىق، نەقەدەر كۆيۈمچانلىق ـ ھە! ئاشۇ مۇدھىش زاماندىكى يېتىم باللار بۇ بەختلىك كۈنلەرنى كۆرۈشنى نەقەدەر چەكسىز ئارزۇ قىلغان بولغىيدى ـ ھە؟... تەبىئىي سۇ ئامبىرى «ئىبراھىمكۆل» كېرىيەنى جەنۇبتىن قورشاپ تۇرغان، ھەيۋەتلىك كۇئىنلۇن تېغىدا بەئەينى زۇمرەتتەك چاقناپ تۇرىدۇ. بىراق ئاشۇ كۆلنىڭ سۈيىنى كېرىيە بوستانلىقىغا باشلاپ كېلىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس، ئەلۋەتتە. كونا جەمئىيەتتە باي ـ غوجىلار يوقسۇللارغا ئالتۇن نەرخىدە ساتقان ئاشۇ كۆل سۈيى مانا بۈگۈنكى كۈنلەردە ئەمگەكچان، باتۇر كېرىيە خەلقىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يول باشلىشى ئاستىدا زامانىۋىلاشقان سۇ ئىنشائات لىنىيىلىرى بىلەن ئېقىپ كېلىپ، كېرىيە خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە باش قويماقتا. ئازادلىقتىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشلەنگەن «غەربىي ۋە شەرقىي كەلكۈن ئۆستەڭ، ئىتتىپاق، ئازادلىق، كۇئىنلۇن غول ئۆستەڭ، بەخت ئۆستىڭى» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى

# كېرىيەنىڭ تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

**مەتكېرەم ئىسمايىل**

«كېرىيە» ـ تارىم ئويمانلىقىدا ئەڭ بۇرۇن تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان تارىخىي ئاتالغۇ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇن ھاكىمىيەت ئورناتقان بىر بەگلىكنىڭ نامى.

جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا بۇ قەدىمىي يۇرتنىڭ نامى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىپ ياكى خاتىرىلىنىپ كەلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرلەردە «弥» (جۇمىي)، «拘弥» (ۋۇمىي)، مىلادىدىن كېيىن «宁弥» (نىڭمىي) دەپ خاتىرىلەندى. «يات قوۋملار مۇساپىسى» ۋە «يېڭى تاڭنامە» دە «力德建» (جەندېلى)، «غەربىي رايون خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا «摩» (بىمو)، «بەش دەۋر تارىخى» دا «州» (گەنجۇ)، «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» دە «پېئىن» (pein) دەپ خاتىرىلەنگەن. 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن بولسا، جۇڭگو تارىخىي كىتابلىرىدا «克力牙» ۋە كېيىن يەنە «克勒底雅» دەپ خاتىرىلەندى.

نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن مىلادى 3 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە مەنسۇپ قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەردىن كېرىيەنىڭ نامى «كېمى» ۋە «كېما» دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم بولدى. ناھايىتى ئېنىقكى،

مەنزىرىسى ئەمگەكچان كىرىيە خەلقىنىڭ ھالال مېھنەتلىرى بىلەن يارىتىلىپ، يول ۋە قاتناش تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. ھازىرغا قەدەر ئاسفالىت ياتقۇزۇلغان يول 72. 260 كىلومېتىرغا يېتىپ، كىرىيەنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە قوشۇمچە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. ناھىيە بازىرىدا يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن زامانىغا خاس كۆركەم بىنالار، ئاممىۋى پائالىيەت قۇرۇلۇشلىرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش باھارىنىڭ كىرىيەگە بەخش ئەتكەن مۆجىزىلىرىنى نامايان قىلدى. ئاپتوماتىك تېلېفون ئالاقە لىنىيىلىرى ھاۋا دولقۇنى ئارقىلىق تەكلىماكان باغرىدىكى كىرىيەنى مەركىزىي شەھەرلەرگە يېقىنلاشتۇرغان بولسا، قاتناش - ترانسپورت ۋاستىلىرىنىڭ راۋانلىقى ناھىيىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئادەمنىڭ تارىخى ماھىيەتتە يۇرتنىڭ تارىخى. كىرىيە خەلقى ئۆتكەن يىللار ئىچىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چەكسىز غەمخورلۇقى ھەمدە يېتەكلىشى ئاستىدا شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كىرىيەنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى قۇرۇش يولىدا يېڭى تارىخنى ياراتتى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ باھار شامىلى كىرىيەنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى كۆرەشلىرىنى غەلىبە مەنزىلىگە قاراپ دادىل سىلجىتتى. ئەمگەكچان، چېۋەر كىرىيە خەلقى ھازىر بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، يېڭى تارىخ يارىتماقتا.

ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك. يۇقىرىقى تەھلىلىمىزگە ئاساسەن، بىز «كېرىيە» ئاتالغۇسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تىلشۇناسلىق ئىلمى بويىچە مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلالايمىز:

1 . پەرەز:
كەمەك ← كېماك ← كېما ← كېيا ← كېريا ← كېرىيە

2 . پەرەز:
كېما ← كېيا ← كېرىيا ← كېرىيە

3 . پەرەز:
كېمى ← جەندىل (كەڭقېرىن) ← پېئىن (pein) ← كېرىدىيە ← كېرىيا ← كېرىيە

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «كەمەك ـ بىر خىل گۈللۈك يىپ رەخت، قىپچاقلار بۇ رەختتىن يامغۇرلۇق تەييارلايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «كەمەك» سۆزى گەرچە بىر خىل يامغۇرلۇق تىكىلىدىغان رەخت ئۈستىدە بولسىمۇ، خوتەن خەلقى ئارىسىدا ۋە پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا شۇ رەختنى توقۇغۇچى كىشىنىمۇ، شۇ خىل رەختتىن كىيىم كىيىپ يۈرىدىغان كىشىنىمۇ شۇ رەخت ئىسمى بىلەن ئاتايدىغان ئادەت بار. يامغۇرلۇق كىيىمى خۇددى كېرىيەنىڭ پەرىجىلىرىگە ئوخشاش ئۇزۇن ھەم يۇپقا تىكىلىدۇ. كېرىيەنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرچە يەكتەك ۋە ئايالچە پەرىجىلىرى، ئاق رومال ئۈستىگە كىيىۋالىدىغان كىچىك تەلپەكلىرى بىزنى ئەينى زاماندا خۇددى شۇ خىل كىيىنىشتىكى بىر قەبىلە كېرىيەدە مەۋجۇت ئىدى، بۇلار شۇ خىل كىيىملىرى بىلەن «كەمەكلەر» دەپ ئاتالغان دېگەن ئويغا سالماي قالمايدۇ. «شاھنامە»دە تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەر مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرى ھەقىقىي يۈز بەرگەن، كىيىمگە «كەمەك» كىيىپ يۈرىدىغان بۇ قەبىلە كېرىيەدە مىلادىدىن

«كېمى» ۋە «كېما» لار ھازىرقى «كېرىيە» ياكى «كېيا» نىڭ تۈپ يىلتىزىدۇر. بۇنىڭدىن خەنزۇ تارىخ مەنبەلىرىدىكى «ۋۇمي»، «جۇمي»، «نىڭمي»، «كېلىيا»، «كېلىدىيا» ئاتالغۇلىرىنىڭ ئاشۇ «كېمى» ياكى «كېما» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇنداقتا ھازىرقى «كېرىيە» ياكى ئېغىز تىلىدىكى «كېيا» قانداق شەكىللەنگەن؟ بۇ مەسىلىدە كۆزقاراش ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر: كېرىيە قەدىمىي دىيار بولغاچقا، «قېرى دىيار» دېگەن سۆز «كېرىيە» گە ئۆزگەرگەن دەيدۇ. بەزىلەر: «قىر - يار» بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، بۇ، ئاساسسىز پىكىردۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭدىكى رىۋايەتلەر مەلۇم رېئال ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ، شۇ مەنىدىن قارىغاندا، خوتەن خەلقى ئارىسىدا «كېرىيەلىكلەر كەمەكلەرنىڭ ئەۋلادى» دەيدىغان بىر رىۋايەت تۈسىنى ئالغان كۆزقاراش ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «كەمەك» ۋە «كەمەكلەر» قەدىمكى زاماندا كېرىيە زېمىنىدا ياشىغان بىر ئايماق خەلقىنىڭ ئورتاق نامى ياكى بىرەر تارماق قەبىلىنىڭ نامى بولۇشى مۇمكىن. «شاھنامە» داستانىدا ئىنتايىن تەدبىرلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك شەخس دەپ تەسۋىرلەنگەن «كەمەك ھەييار» بەلكىم تۇران زېمىنى بولغان ھازىرقى تارىم ۋادىسىدا مەلۇم قەبىلىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر شەخس بولۇپ، كېرىيە دىيارى ئېھتىمال ئاشۇ قەبىلە ياكى شەخسنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىنىڭ 3 ـ ئەسىرىگىچە بولغان دەۋردە ساك تىل ـ يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن «كېمى» ۋە «كېما» لار، دەل كەمەكلەرنىڭ ئۆزى دەپ مۆئەييەنلەشتۈرۈشمۇ

مۇساپىسىچىلىك بولۇپ، ئۇ يەر شەرق بىلەن شىمال ئارىلىقىدىكى يۆنىلىشكە جايلاشقان. . . بۇ يەرنىڭ ساناپ تۈگەتكۈسىز شەھەر - راباتلىرى ۋە قەلئە - قورغانلىرى بار. مەركىزى پېئىن دەپ ئاتىلىدۇ. بىر دەريا بۇ ئۆلكىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. دەريا قىنىدىكى قاشتېشىنىڭ زاپاس مىقدارى مول بولۇپ، ئۇنىڭدىن قارىشىدون ۋە ياسىپ دەپ ئاتىلىدىغان قاشتېشى چىقىدۇ. بۇ يەردىن خىلمۇخىل يېمەكلىكلەر تېپىلىدۇ، بۇنىڭ سىرتىدا يەنە پاختىمۇ چىقىدۇ. . . »

ماركوپولو خاتىرىسىدىكى بۇ بايانلار 13 - ئەسىردىكى كىرىيەنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساس بولالايدۇ. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا، هازىرقى چىرا بوستانلىقىدىن شىمالدىكى دەندەن، ئۈزۈنتات، قارادۆڭ دائىرىسىدىكى شەھەرلەر كىرىيەگە تەۋە ئىدى. چىرا بەگلىكى بولسا چاقا، نۇرى، بوستانلارنى مەركەز قىلغان تاغلىق رايوندا هاكىمىيەت ئورناتقان. چىرا بوستانلىقىدىن نىياغىچە بولغان ئارىلىق ماركوپولو ئېيتقان «بەش كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك» دېگەن ئارىلىق ئۆلچىگە ماس كېلىدۇ. يەنە كىرىيە دەرياسى ۋە كىرىيەنىڭ تېغىدىن قاشتېشى چىقىدىغانلىقى هەممىگە ئايان.

جۇڭگونىڭ «خەننامە» كىتابىدا: «كىرىيەنىڭ جەنۇبىدا چۆلى (چىرا) ، شەرقىي شىمالىدا كۆسەن، غەربىي شىمالىدا ئاقسۇ بار، غەربىي تەرىپى ئۇدۇن (خوتەن) گە 390 يول كېلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەگەر مۇشۇ خاتىرە راست ۋە يول مۇساپە ئارىلىقى هەقىقىي بولسا، قەدىمكى كىرىيەنىڭ ئورنى دەل هازىرقى ئورنىدا ياكى هېچبولمىغاندا كىرىيە دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدا بولغان بولىدۇ. چۈنكى 390 يول دەل هازىرقى 180 كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەردىكى «كىما»، «كىمى» لەرنىمۇ دەل «كەمەكلەر» دەپ قاراش ئاساسسىز ئەمەس.

ئەمدى جۇڭگو تارىخلىرىدىكى «جەندىلى» گە كەلسەك، بۇمۇ مەلۇم بىر يەرلىك ئاتالغۇنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، قەدىمكى كىرىيەنى كۆرسىتىدۇ. 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بىز كىرىيە دۆلىتىنىڭ پايتەخت خارابىسىنى ئىزدەش مەقسىتىدە، كىرىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى غادىراڭ دائىرىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھازىر «كەڭقىرىن» دەپ ئاتالغان دەريا ساھىلىدىن بىر خارابىنى ئۇچراتتۇق. بۇ خارابىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى بىر كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، خارابە ئۈستىدە بۇتخانا، ئۆي ئىزلىرى، ساپال خۇمدان ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردىن بىز يەنە گەج بۇت پارچىلىرى، ھەر خىل رەڭلىك ساپال پارچىلىرى، تاش قورال پارچىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۇچراتتۇق. مەزكۇر خارابە قۇم ئاستىدا قالغاچقا، كۆپ قىسىم يەرلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى. ئەمما بۇ خارابىنىڭ «كەڭقىرىن» دېگەن يەرگە جايلاشقانلىقى، يەنە كېلىپ «جۇڭگو تارىخى خەرىتىلەر توپلىمى» دا كۆرسىتىلگەن كىرىيە دۆلىتىنىڭ پايتەخت ئورنىغا ئۇدۇل كېلىشى بىزنى قىزىقتۇردى. چۈنكى «جەندىلى» ـ «كەڭقىرىن» دېگەن ئاتالغۇغا ئاھاڭ جەھەتتىن تولىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىدۇ.

مەشھۇر سەيياھ ماركوپولو مىلادى 13 ـ ئەسىردە كىرىيەدىن ئۆتكەن ۋە كىرىيەنى «پېئىن» (pein) دەپ خاتىرىلەپ مۇنداق يازغان:

«پېئىننىڭ يەر مەيدانى بەش كۈنلۈك يولنىڭ

شىمالىدىكى دەندەن ئۆيلۈك خارابىسى (ستەيىن 1904 ـ يىلى بۇ يەرنى قازغاندا، بۇ «بىمو ( 滕 ) شەھىرىنىڭ خارابىسى» دەپ قارىغان. خەنزۇلار «بىمو» دەپ ئاتىغان بۇ يەر pein (پېئىن) نىڭ ئۆزى بولۇپ، ئېھتىمال 10 ـ ئەسىردىن كېيىن پايتەخت بولغان بولسا كېرەك) ؛ ئۇزۇنتات دەپ ئاتىلىدىغان كەڭ دائىرىلىك خارابىلەر قەدىمكى كېرىيە دۆلىتىنىڭ چوڭ شەھەرلىرى بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن پايتەخت قىلىنغان. يەنە 1993 ـ يىلى لەڭگەر سايىدىن بايقالغان يەر ئاستى پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر ۋە لەڭگەر سايىنىڭ جەنۇبىدىكى پارچە ـ پارچە خارابىلەر بۇ يەردىمۇ چوڭ بىر شەھەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

كېرىيەنىڭ بۇ كەڭ زېمىنىدا مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان كېرىيەنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان. كېيىنچە ساكلار، تۇخرىلار، ھۇنلار، تۇبۇتلار، چاڭلار، قارلۇقلار ۋە موڭغۇللار قاتارلىق قەبىلە ـ مىللەتلەر كېلىپ سىڭىشتى. بۇ خىل تەبىئىي ئاسسىمىلياتسىيىدىن بىز يەرلىك ئاھالىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىمۇ خېلى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ ھەر خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىدىغان تۈگۈنى ـ جەنۇبىي يىپەك يولى لىنىيىسى بولغاچقا، كېرىيەلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى، ئېتنىك تەركىبى، تىل ـ شېۋىلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل مىللىي سىڭىشىشلەر ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلارنىڭ قالدۇقلىرى كېرىيەنىڭ ھازىرقى يەر ناملىرىدا، جەمەت ۋە ئادەم لەقەملىرىدە، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىل شېۋىلىرىدە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

كۇشەن ـ (ئادەم لەقىمى) ـ كۇشانلار ياكى كۆسەنلىكلەر

قەدىمكى كىرىيە دۆلىتىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئىشەنچلىك يازما مەلۇمات يوق. جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا «مىلادىنىڭ 129 - يىلى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئۆز ئوغلىنى كىرىيە دۆلىتىگە پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىدى...» دەپ خاتىرىلەنگەن. مېنىڭچە، بۇ كېيىنكى ۋەقە. ئۇدۇن دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىمۇ كىرىيەدە مۇستەقىل بەگلىك مەۋجۇت ئىكەنلىكى شەكسىز. چۈنكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىن مىلادى 3 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەردە كىرىيە پادىشاھىغا يېزىلغان مەكتۇپلار بار، ئەينى دەۋردە كىرىيە دۆلىتىگە تەۋە بولغان قارادۆڭ، ئۆزۈنتات، دەندەن قاتارلىق قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان «مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ» دەپ قارالماقتا. 129 - يىلى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ كىرىيەدە پادىشاھ تىكلىشى - بۇ، كىرىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بولماستىن، بەلكى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ھەربىي ئۈستۈنلۈكتىن پايدىلىنىپ ئىستېلا قىلىشتۇر. تارىم ئويمانلىقىدىكى 50 نەچچە تارماق بەگلىكلەر ئارىسىدا ھەمىشە بىر - بىرىگە قوشۇلۇش، بىر - بىرىنى يۇتۇپ كېتىش ۋە پارچىلىنىپ چېقىلىشتەك ئەھۋاللار بولۇپ تۇرغان. كىرىيە بەگلىكىمۇ بەزىدە مۇستەقىل بولسا، بەزىدە ئۇدۇننىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان ۋە بەزىدە پىشامشانغا تەۋە بولغان.

شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، قەدىمكى كىرىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى (مەركىزىي شەھىرى) ھەرقايسى دەۋرلەردە كۆچۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى كىرىيەنىڭ 200 كىلومېتىر شىمالىدىكى قارادۆڭ قەدىمىي شەھەر خارابىسى ۋە بۇ خارابىدىكى بۇددا دىنى ئىزلىرى، تۇرالغۇ جاي ئىزلىرى؛ چىرانىڭ

# كېرىيە تارىخي خاتىرىلىرىدىن قىسقا قۇرلۇق چاتما بايانلار

باراتئىمىن

*ئىلاۋە: قەدىمىي يۇرت كېرىيەنىڭ تارىخي ئەمدىلا قېزىلىشقا باشلاندى. كۆككە بوي سوزغان ئېگىز بىنالارمۇ خىشلارنىڭ بىر تال ـ بىر تالدىن تىزىلىشى بىلەن پۈتۈپ چىققاندەك، يۇرتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىمۇ پارچە ـ پارچە تارىخىي بايانلار بىلەن تولۇقلىنىپ، مۇستەھكەم بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. جۈملىدىن قىسقا قۇرلۇق بايانلارمۇ مول تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ ئاساسىي يىپ ئۇچى بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىزنى ھازىرچە نامەلۇم ياكى تىلسىم بولۇپ تۇرغان تارىخ قويىنىغا باشلاپ بېرىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.*

*بىز يۇقىرىقى مەقسەتنى نەزەرگە ئېلىپ، يولداش بارات ئىمىننىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىزدىنىش ئارقىلىق تەييارلىغان «كېرىيە تارىخي خاتىرىلىرىدىن قىسقا قۇرلۇق چاتما بايانلار» ناملىق تارىخىي ئۇچۇرلىرىنى كىتابىمىزغا كىرگۈزدۇق. بۇ بايانلار يۇرتىمىز تارىخىدىكى مىڭلىغان ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى، شۇنداقلا ئاساسىي يىپ ئۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.*

*«ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» غانلىقى ھەممىگە ئايان، ئىزدىنىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق يېڭىدىن بايقالغان تارىخىي يىپ ئۇچى «قىسقا قۇرلۇق بايانلار» نىڭ ھەر بىرى ئۈمىد بىلەن*

قالۇق - (يەر نامى) - تۈركلەرنىڭ قارلۇق قەبىلىسى
قاراخان - (يەر نامى) - قاراخانىلار
مەكىت - (يەر نامى) - مەركىتلەر ياكى مەكىتلىكلەر
مۇغاللا - (يەر نامى) - موغۇللار، موڭغۇللار
ئاتچان - (يەر نامى) - ئاتلىق چاڭلار، چاڭلار
باراق - (ئادەم لەقىمى) - باراقلار (موڭغۇللارنىڭ بىر قەبىلىسى)
تەكلەر - (ئادەم لەقىمى) - قەبىلە نامى؟

كېرىيەدىكى پەرىجە كىيىش، ئاق رومال ئۈستىگە كىچىك تەلپەك كىيىش، ئەرلەر كېسىك كونۇس شەكلىدە تەلپەك كىيىش ۋە سۆز - تىل شېۋىلىرىدىكى بەزى ئۆزگىچىلىكلەر بىزدىن قەدىمكى تارىخنى يەنىمۇ ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مىلادى 10 - ئەسىردىن بۇرۇن كېرىيە خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. قارۇشتى يېزىقىنى قوللانغان. كېرىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بايقالغان قەدىمكى بۇتخانا خارابىلىرى ۋە قارادۆڭدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ ماددىي ئاساسىدۇر. 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەن رايونىنىڭ ئىسلاملىشىشى بىلەن كېرىيە ئاھالىسىمۇ مۇسۇلمان بولغان. بەزىلەر كېرىيەنىڭ ئىسلاملىشىشى خوتەندىن خېلىلا كېيىن دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، ۋاقىت جەھەتتىن خوتەن بىلەن ئوخشاش. چۈنكى كېرىيە ئاھالىسى بىر تەرەپتىن، خوتەندىكى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ بېسىمى، يەنە بىر تەرەپتىن، كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ شىمالدىن باستۇرۇپ كەلگەن قارلۇق مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن ئىسلامغا بەيئەت قىلدى. كېرىيەدىكى «قارلۇق» ۋە «قاراخان» دېگەن يەر ناملىرىمۇ دەل مۇشۇ ۋەقە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

قۇلايلىق يارىتىلغان.

*   *

كېرىيەنىڭ تىبەتكە ئۆتىدىغان «كېرىيە ئادەم پاشىا» چىغىر يولى، كېرىيە شايار چىغىر يولى ئەينى دەۋردە، خوتەن ـ دۇنخۇاڭ كارۋان چىغىر يوللىرىنىڭ مۇھىم بىر بۆلىكى بولۇپ، ئىلىمدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

*   *

1912 ـ يىلى كېرىيەلىك تارىخچى تۇرغۇن قارىي ئۆزىنىڭ «سەپەرنامە» ناملىق تارىخىي ئەسىرىدە كېرىيەنىڭ ئەينى دەۋردىكى بازار سودىسى ئۈستىدە توختىلىپ، «كېرىيە بازىرىدا ھەر بازار كۈنى 500 دىن ئارتۇق ئات ـ ئۇلاغ سودىسى بولۇپ تۇراتتى. كېرىيە تۆگىسى، كېرىيە ئېتى يول يۈرۈشكە چىدامىلىق بولغاچقا، قاغىلىق، خوتەن يەتتە شەھەر كارۋانلىرى كېرىيەگە كېلىپ، ئات ـ ئۇلاغ سېتىۋېلىپ تۇراتتى. كېرىيەدە 300 كارۋان سارىيى بولۇپ، مىڭلىغان ئۇلاغ ۋە 200 دىن 250 كىچە ئۆتكۈنچى مەنزىل تۇتۇپ سىغىشىپ، ئۆتۈشۈپ تۇراتتى» دەپ يېزىپ، كېرىيەنىڭ يەرلىك ئەۋزەللىكى بىلەن بازار ئالاھىدىلىكى، خام ئەشيا، ھەر خىل نەقلىيات... لىرىنىڭ خېرىدارلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر قالدۇرۇپ كەتكەن.

*   *

1928 ـ 1929 ـ يىللىرى كېرىيەنىڭ يەتتىۋاش دېگەن يېرىدە ئەنئەنىۋى تۆگمەنچى ئىسكەندىرەئاخۇن شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ شامال تۆگمىنى ياساپ، كېرىيەنىڭ تۆگمەنچىلىك تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان.

*چاقنىغان بىر ئۇچقۇن بولۇپ، ئەگەر ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىنىپ پەرۋىش قىلىنسا، كىشىلەرنى جەلپ قىلارلىق يالقۇنغا، يەنى ھەقىقىي تارىخقا ئايلىنىشى، پەرۋىش قىلىنىپ قوتقۇزۇۋېلىنمىسا، ۋاقىتسىز ئۆچۈپ كېتىشى ياكى ۋاقىتىنچە يەشكىلى بولمايدىغان سىرلىق تۈگۈنگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.*

*شۇڭا، كەڭ تارىخچى ھەم قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بۇ خەلق تارىخىي ئۇچۇر بولغان يىپ ئۇچلىرىدىن پايدىلىنىپ، قەدىمىي مەدەنىيەتلىك يۇرتىمىز تارىخىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا بىزگە يېقىندىن ھەمدەم بولۇپ، قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، ئىزدىنىپ قەلەم تەۋرىتىپ، ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.*

*　*

تارىختىن مەلۇمكى، چەرچەن، نىيا، ئىلچى (خوتەن) قاراقاش، گۇما، قاغىلىق قاتارلىق يەتتە يۇرتنىڭ بىرى كېرىيە بولۇپ، 1910 - يىللاردىن ئىلگىرىكى «خوتەن يەتتە يۇرت خەرىتىسى» گە كىرگۈزۈلگەن.

*　*

كېرىيەنىڭ خوتەنگىچە سوزۇلغان 354 چاقىرىم (يەنى 177 كىلومېتىر) ئۇزۇنلۇقتىكى يولى - «خوتەن - دۇنخۇاڭ كارۋان يوللىرى» نىڭ بىر لىنىيىسىنى تەشكىل قىلغان.

ئىلگىرى كېرىيەنىڭ نىيەگىچە بولغان 252 چاقىرىم يولىدا، كېرىيە بازىرىدىن ئويتوغراقىچە، ئويتوغراقتىن يېسۇلغۇنغىچە، يېسۇلغۇندىن لەمپەلەنگەرگىچە، لەمپەلەنگەردىن نىيە بازىرىغىچە تۆت ئۆتەڭ ياسىلىپ، ھەر خىل قاتناش - ئالاقە ئىشلىرىغا

ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆچلۈك دەلىللەپ كەلمەكتە.

* *

كېرىيەدىكى ئەڭ چوڭ ئۆڭكۈر ئاتچان سېيىدا بولۇپ، ئىچىگە 500 تۇياقتىن ئارتۇق قوي سىغىدۇ.

* *

كېرىيەدىكى ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى لۇش تېغىنىڭ تۆرىدە بولۇپ، «غېجى» كۆل چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردىن ئارتۇق.

* *

كېرىيەدىكى قول بىلەن كولانغان ئەڭ چوڭقۇر قۇدۇق ئۆيتوغراق يېزىسىنىڭ يېسىيۇلغۇن كەنتىدە بولۇپ، سۈيى 61 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن چىقىدۇ.

* *

كېرىيەدىكى ئەڭ ئېگىز قۇم تاغ ئۆيتوغراق يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى «بۇغرىقۇم» دىن ئىبارەت. بۇ قۇم تاغنىڭ ئېگىزلىگەن كۆلىمى ئۇنچە كۆپ ئەمەس، ئۇ بىرلا چوققىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كۆزنىشلەردىن قارىغاندا، بارغانسېرى ئېگىزلەپ تۇرىدىكەن.

* *

كېرىيەدىكى ئادەم كولىغان ئەڭ چوڭ كۆل ئۆيتوغراق يېزىسىنىڭ يېسىيۇلغۇن كەنتىدە بولۇپ، كۆلىمى 3796 كۋادرات مېتىر، ئۇنىڭغا بىر قېتىم سۇ سالسا بىر كەنت كىشىلىرىنىڭ ئىچىشىگە ئالتە ئاي يېتىدۇ.

كېرىيەدىكى ئەڭ ئېگىزلىكتىكى سۈيى چوڭقۇر تاغ كۆلى ئۇلۇغ كۆل بىلەن ئىبراھىمكۆل كۆلدۇر. ئىبراھىمكۆل قارا قۇرۇم تېغىنىڭ خوتەن دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسىنىڭ مۇھىم

*　*

1946 ـ يىلى كېرىيەنىڭ كوكيار يېزىسىدىن قايىماخۇن دېگەن كىشى ئوغلى بىلەن بىرلىكتە ياغاچ ۋېلسىپىت ياساپ مىنىپ، شەھەرگە ھەيدەپ كىرگىنىدە، كۆرگەنلەر ھەيران قېلىپ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ھەمدە بۇ ياغاچ ۋېلسىپىتقا «شەيتان هارۋىسى» ، «شەيتانچاق» دەپ ئات قويۇشقان.

*　*

كېرىيەدە ئازادلىقتىن خېلى بۇرۇنمۇ غەربچە داۋالاش مۇئەسسەسى بولۇپ، بۇ مۇئەسسەسىدە سولايمىنكام (ئۆزبېك) ، زىرىپخان (مۇھاجىر) ، ئابدۇراخمان ئاخۇن، ماپۇشىن قاتارلىقلار ئاساسلىق كىشىلەر ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن كېرىيە ناھىيىلىك دوختۇرخانا (هازىرقى خەلق دوختۇرخانىسى) قۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇ يېڭى دوختۇرخانىنىڭ بۇرۇنقى تۇۋرۇكلۇك ئاساسى ئاشۇ كىچىك مۇئەسسەسىدىن شەكىللىنىپ چىققان.

*　*

1951 ـ يىلى 27 ـ مايدا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ «سۇ بېشى» دېگەن جايىنىڭ غەربىي جەنۇبى (كوئىنلۇن تېغىنىڭ غەربىي جىلغىسى) ئەتراپىدىكى تاغلىق رايوندا يانارتاغ پارتلاپ، ئېلىمىز يانار تاغ ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ كېيىنكى يېڭى رېكورتى يارىتىلغان.

*　*

قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر ئارىسىدا «ئەڭ ياخشى يارام ئېشەك سوقتاياقتىن[1] چىقىدۇ. ئەڭ ئىشچان خوتۇن ئويتوغراقتىن چىقىدۇ» دېگەن سۆز ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىپ كەلگەن. بۇ سۆز هازىرمۇ ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم تارىخىي ئاساسقا

---

[1] سوقتاياق ـ ئاتچان يېزا تاغ رايونىنىڭ بىركەنتى.

ئۆزۈمزارلىقىغا ئىگە.

*　*

كېرىيەدىكى ئەڭ چوڭ سازلىق ۋە شاللىق ـ بوستان رايونى بولۇپ، ئۇ، مۇغاللا، جاي، سىيەك، يېڭىباغ، لوگەي مەيدانى قاتارلىق تۆت يېزا، بىر مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى كەم دېگەندىمۇ تەخمىنەن 100 مىڭ مودىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ رايوننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۇتاش كەتكەن 33915 مودىن ئارتۇق شاللىق ئېتىزلىرى بار.

*　*

كېرىيەدىكى ئەڭ قېرى، چوڭ دەرەخ، ئۆيتوغراق يېزىسىنىڭ يېسىيۇلغۇن كەنتىدە بولۇپ، ئايلانمىسى يەتتە مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ قانچە يىللىق دەرەخ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، لېكىن شۇ كەنت بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن تىكىلگەنلىكى ئېنىق ئىكەن.

*　*

كېرىيەدىكى ئەڭ چوڭ تەبىئىي ئورمانلىق دەريا بويى يېزىسىدا بولۇپ، توغراق، يۇلغۇن قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان 1 مىليون 200 مىڭ موغا يېقىن كۆلەمگە ئىگە.

*　*

كېرىيەلىك مەرھۇم مەتلەشخان ئۆز يۇرتىدىلا ئەمەس، شىنجاڭ ئىچىدىمۇ داڭلىق خەلق ناخشىچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سورۇنلاردا نەق مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا قولىغا دۇتار ياكى تەمبۇر ئېلىپ ھەر خىل تېمىلار بويىچە ئىجاد قىلىپ ئېيتقان يەرلىك ئاھاڭدىكى ئاجايىپ يېقىملىق ناخشىلىرى كىشىلەر ۋە ئۇنىڭ ئالغۇ لېنتىلىرى ئارقىلىق قوشنا دۆلەتلەرگىچە بېرىپ يەتكەن، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن بۇ تالانتىغا ئاساسەن ھۆكۈمەت ۋە

بىر باشلىنىش تارماق ئىقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، يەنى دەريا سۇ يۈزىدىن 670 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىردىن كۆپرەك، كۆلىمى 2.11 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

كىرىيەدىكى ئەڭ قەدىمكى قاشتېشى كېنى ـ ئاتچان يېزىسىنىڭ لۇش تېغىدا بولۇپ، قاشتېشى كولاش باشلانغىنىغا 1000 يىلدىن ئاشقان.

*　　*

كىرىيەدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئۈمۈر كۆرىدىغان جاي ـ لايسۇ ئورۇقچىلىق مەيدانى بولۇپ، 2 مىڭ نوپۇس ئىچىدە 100 ياشتىن ئاشقانلار 18 نەپەرنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدى 138 ياشلاردىن ئېشىپ ئۈمۈر كۆرىدۇ.

*　　*

كىرىيەدىكى ئەڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى ـ «قوڭغۇراق» شەھىرى بولۇپ، كىرىيەنىڭ شىمالىي تەرەپ، دەريا بويى يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىگە يېقىن يەرگە، يەنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

*　　*

كىرىيەدىكى زېمىنى ئەڭ چوڭ، ئەڭ تارقاق ماكان ـ تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىگە جايلاشقان دەريا بويى يېزىسى بولۇپ، بىر ئائىلە بىلەن يەنە بىر ئائىلىنىڭ ئارىلىقى ئەڭ يېقىن بولغىنى ئات ـ ئۇلاغ بىلەن يېرىم كۈنلۈك، يىراق بولغىنى بىر كۈنلۈكتىن ئارتۇق كېلىدۇ.

*　　*

كىرىيەدىكى ئەڭ چوڭ ئۈزۈمچىلىك ماكانى ـ لەنگەر يېزىسى بولۇپ، بۇ يەر 10 مىڭ مودىن ئارتۇق بىر تۇتاش كەتكەن

يۈسۈپكام 1963 ـ يىلى جاھان بىلەن خوشلىشىپ مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى. كىرىيە خەلقى تېپىلغۇسىز بىر سۇنايچى ۋە مۇقامچىدىن ئايرىلدى. ئېيتىش كېرەككى، ئۇنىڭچىلىك پاساھەتلىك بىر كىشىنى، يەنى 12 مۇقامنى پۈتكۈل يۇرۇشلۇك ئاھاڭلىرى بىلەن سۇناي ئارقىلىق ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ چىقالايدىغان بۇنداق يېتۈك كىشىنى كىرىيە خەلقى تېخىچە كۆرۈپ باققىنى يوق!

كىرىيە خەلقى ئەينى زاماندا ئەھلى ئارىپ (يەنى، بىلگۈچى، خىسلەتلىك) دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن مەتنىيازىكام، يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان سۇناي بىلەن مۇقام ئورۇنداشنىڭ بىردىنبىر ئۇستىسى يۈسۈپكامدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشى بولۇپ، ئۇ يېنىدا ھېچقانچىلىك پۇل ـ بىساتىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي بىر سۇناي، بىر باليمان بىلەنلا ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقۇچى ئادەملەر توپى يولنىڭ ئىككى يېقىغا سانجاق ـ سانجاق بولۇپ تىزىلىپ تۇرۇشىدۇ. مەتنىيازىكام خۇرجۇن ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ سۇنايىنى 12 مۇقامنىڭ پۈتۈن لەزىز كۈيلىرىگە يول ئۈتتۈرىسىدا چېلىپ ماڭىدۇ. پۈتۈن يۇرت خەلقى «ئەلۋىدا» دېيىشىپ يىغلىشىپ كېتىدۇ ھەم مەتنىيازىكامدىن ئىبارەت بۇ ئەھلى ئارىپنىڭ يېنىدا پۇل ـ بىساتىنىڭ يوقلۇقىنى ئاڭقىرىپ، يوللۇق تۈتۈش، ھەدىيە قىلىشنى باشلايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا شۇ يول ئۈستىدىلا، 25 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل جەملىنىپ، يۇرتنىڭ بۇ ھېسداشلىقى بىلەن مەتنىيازىكام ھەجىگە بىمالال يېتىپ بارالايدۇ.

ھەج كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر رەستىدە، مەتنىيازىكام يېنىدىكى ئايرىلماس سۇنىيىنى ۋە باليماننى تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ 12 مۇقامنىڭ پۈتۈن يۇرۇش كۈيلىرىگە چوڭقۇر ئىشتىياقى بىلەن

مەدەنىيەت باش ئورگانلىرى ئۇنىڭغا «خەلق سەنئەتچىسى»، «مەشھۇر ئەلنەغمىچى» دېگەن ناملارنى بەرگەن.

* *

18 - ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلىرىدىن زەلىلى سەپەر باشلاپ كېلىپ، كېرىيەدە تۇنجى تاۋاپ قىلىپ ئۆتكەن جاي كۆكيار يېزىسىنىڭ تۆۋەن ئەگلە كەنتىدىكى «قوۋمى شەھدان»، ئۇنىڭدىن كېيىن جاي يېزىسىنىڭ چوپچىلە كەنتىدىكى «قەمبىرىللا» بولۇپ، شائىر بۇ توغرىدا: -

قوۋمى شەھدان دېدى تەۋق ئېتىپ،
تاڭ بىلەن قەمبەر ئاتاغا يېتىپ.

دېگەن مىسرالىرىنى تارىخىي خاتىرە ئورنىدا ھەدىيە قالدۇرۇپ كەتكەن.

* *

كېرىيەلىك يۇسۇپ ئاكام جىتاق («يەرلىك خەلق يۇسۇپ جىتاق» دەپمۇ ئاتاپ كەلگەن) بىردىنبىر تالانتلىق، يۇرتقا تونۇلغان ماھىر سۇنايچى ۋە بالىمانچى ئىدى، باشقىلار 12 مۇقامنى ماتېرىيال ئاساسىدا ئوقۇسا ياكى ساتار، تەمبۇر، قالۇنلار بىلەن ئورۇندىسا، يۇسۇپكام 12 مۇقامنى باشتىن - ئاياغ سۇناي ۋە بالىمان ئارقىلىق ئورۇنداپ چىقاتتى. ھەر خىل خۇشاللىق ئەييامىلىرى؛ يەنى روزى ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى، توي - تۆكۈن، شۇنىڭدەك رامزان ئېيىدىكى ئىپتار ئاخشاملىرى، زوھورلۇق يېيىش كېچىلىرى ئۇ سۇناي ۋە بالىمان بىلەن ئۆزمەي چېلىپ چىققان مۇقام كۈيلىرى جاھان قۇلىقىغا يېتەتتى، ھەممىنى لەرزىگە سېلىپ ئۆزىگە رام قىلاتتى.

بىرلەپ ئورۇنداپ، شۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭ مەدەنىيەت خەۋەرلىرى كىنو تەشۋىقاتى فىلىمگە ئېلىنغان. ئۇ 12 مۇقامنىڭ رەتلىنىشى، تولۇقلىنىشى ئۈچۈن كىرىيە ۋارىيانتلىرى بىلەن تەمىنلەپ ھەسسە قوشقان.

* *

1953 - يىلى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا، گۈللىنىشىگە توسقۇن بولغۇچى بىر ئوچۇم يامان نىيەت توپىلاڭچىلار خوتەن رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر مەزگىل قارا قۇيۇن پەيدا قىلىپ، ئەسەبىيلەرچە مەيدانغا چىقتى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىنقىلابىي ئامما بىلەن بىرلىكتە ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ تېگىشلىك دەككىسىنى بەردى. مانا شۇ چاغدا، خوتەندە مەيدانغا چىققان بىر ئوچۇم توپىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇش يولىدا جان تىكىپ ئالدىنقى سەپتە كۈرەش قىلغان توققۇز نەپەر ئىنقىلابىي قەھرىمان بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سادىر ئىسىملىك بىرسى شۇ چاغدا 23 ياشتا بولۇپ، دۈشمەنلەر تەرىپىدىن يۇقىرىقى توققۇز نەپەر قەھرىمان بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەن. بۇ قەھرىماننىڭ ئابىدىسى خوتەندىكى «مۇساپىرلار زاراتگاھلىقى»دا بولۇپ، قەبرە تاختىسىدا «كىرىيەلىك قەھرىمان سادىر» دېگەن ئىسىم ئەينى يىللاردا خېلى ئوبدان چاقناپ تۇراتتى. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىر تونۇغىلى بولماس بولۇپ كېتىپتۇ...

* *

شىنىڭ شىمەي دەۋرىدە كىرىيەدە بىلال قارىي، داۋۇتخان، تۇرسۇنئاخۇن قاتارلىق ئۈچ نەپەر داڭلىق ئەلنەغمىچى ۋە ماھىر گۆمپىچى بولغانىدى.

چېلىپ ئالەمنى زىل كەلتۈرىدۇ. يەنى كېرىيەلىك مەتنىيازكامنىڭ قالتىس تالانتى نامايان قىلىنىپ، سۇناي بىلەن چېلىنغان بۇ كۈيلەر ھەرەم دىيارىنى بىر ئالىدۇ. . .

مەتنىيازكام سۇناي ۋە بالىمانىنىڭ بۇ خىل سېھرىي كۈچىنىڭ تەنتەنىسىدىن قاتتىق ھاياجانلانغان بولسا كېرەك، شۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدىلا نەپىسى توختاپ، نەق مەيداندا جان ئۈزىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى بىلەن يۇرەكنى كۆيدۈرگۈچى لەزىز ئاۋازلىق سۇنىيى ۋە بالىمانى ئاشۇ ھەرەم دىيارىدا دەپنە قىلىنىدۇ. دېمەك، كېرىيەلىك تالانت ئەھلىنىڭ بۇ ئۆچمەس خاتىرىسى تارىخ سەھىپىسىدە ھازىرغىچە بىزنىڭ سەمىمىزگە زىكرى قىلىنىپ تۇرماقتا. . .

* *

كېرىيە شەھىرىدە ئازادلىقتا يېقىن ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى بىر مەزگىللەرگىچە ئابدۇقادىر ئاخۇن، كېرەم سىتە، ئەيساتۇران، ھەسەن تۇكا، تۇرسۇن سائەت، سۇپاخۇن، مەتقۇربان گىژگىلاڭ، بارات، قادىر رېھىم، ئابدۇراخمان ئىمىن، روزى يۇسۇپ، مەڭلەشخان، سۇپىرەمخان خوندان. . . قاتارلىقلار ھەر خىل يۇرۇشلەشكەن سازلارنى ئورۇندىغۇچىلار ھېسابلىنىپ، بۇلار كېيىنكى مەدەنىيەت يۇرتى ۋە ناھىيىلىك سەنئەت كەسپىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇلى بولغانلار قاتارىدا تۇرغۇچىلاردىن ئىدى.

* *

كېرىيەلىك مەشھۇر مۇقامچى كېرەم سىتە شىنجاڭدىكى 12 مۇقامنى بىلگۈچى ۋە ئورۇندىغۇچىلارنىڭ مۇئەييەن بىر ۋەكىلى بولۇپ، 1953 ـ يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نوۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر 1 ـ قۇرۇلتىيىغا كېرىيەدىن بىردىنبىر ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. ئۇ، 12 مۇقامنى سىتە بىلەن بىر ـ

خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ۋارىسلىرى بولۇپ، تارىختىكى كېرىيە ئەنئەنىۋى يىپەكچىلىكىنىڭ داۋام قىلىشىدا، ئازادلىققىچە شۆھرەت قازىنىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ نامى كىشىلەر ئاغزىدىن قالغىنى يوق. قەيەردە بۇرۇنقى كېرىيە يىپەكچىلىكى سۆزلەنسە، بۇلارنىڭ تۆھپىسى ئاۋۋال ئېغىزغا ئېلىنىدۇ.

* *

كېرىيە شەھەر ئىچىدە ئازادلىقتىن بۇرۇنقى خېلى ئىلگىرىكى زامانلاردىن تارتىپ بىرلا ئاممىۋى ھاممام (يەرلىك مۇنچا) بولۇپ، مەزكۇر ھاممامنىڭ قۇرغۇچىسى قادىراخۇن تۇڭگان ئىدى. ھاممام قارلۇق ئۆستەڭ بويىدا قادىراخۇن تۇڭگاننىڭ ئۆيۋاقىسىغا ئۇلىنىپ سېلىنغان بولۇپ، ئۆستەڭ بويىغا قارىتىپ ئىشىكى ئېچىلغان، ئىچىدە 11 كىشىلىك يۇيۇنۇش خانىسى بار ئىدى. قىش كۈنلىرى چوڭ داشقازانغا يەرنىڭ تېگىدىن ئوت يېقىپ سۇيى ئىسسىتىلاتتى. بۇ، شۇ زامانغا نىسبەتەن كېرىيەدىكى بىر ئالاھىدە ئىش بولۇپ، يۇيۇنۇش مەدەنىيىتى، پاكىزلىق، سالامەتلىك جەھەتلەردە مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

* *

ئازادلىقتىن ئىلگىرى كېرىيە شەھىرى ئىچىدە جىنسىي تۈرلەر بويىچە ئېچىلغان ئىككى خىل مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەر ئازادلىقتىن كېيىنكى بىر مەزگىلگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىرى، قىزلار مەكتىپى بولۇپ، بۇ «كېرىيە شەھەر قىزلار ئىپتىدائىي باشلانغۇچ مەكتىپى» دەپ ئاتىلىپ، مەكتەپ ۋۇۋسكىسىمۇ شۇنداق يېزىلغانىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئاخىرقى مۇدىرى ـ خاسىيەت جۇمە، ئىلمىي مۇدىرى ـ بۇۋسارە زايىت ئىدى.

يەنە بىرى، ئوغۇللار مەكتىپى بولۇپ، بۇ «كېرىيە شەھەر

شىڭ شىسەينىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت دائىرىلىرى بۇلارنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغان گۇمپىسىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ، ئۇلارنى يوقىتىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ئاخىر تەدبىر ئويلاپ، ئۇلارنى قۇربان قودايىنىڭ بېغىدا ئۈچ كۈن ئەلنەغمە ئورۇنداپ بېرىش باھانىسى بىلەن باغقا ئەكىرىپ، ئۈچ كۈن ئەلنەغمە قىلدۇرىدۇ. سۇيىقەست پىلانى تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن «ئاق شو» غا ئاپىرىپ چېپىپ تاشلايدۇ. بۇ قانلىق پاجىئە يۇقىرىقىدەك كېرىيە ئىچىدىن چىققان قالتىس گۇمپىچىلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرالماسلىقىنىڭ بىر ئىبرەتنامىسى بولۇپ قالغان.

*　　*

كېرىيەنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە قاشتاشچىلىقىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئۇستازلىرى بولۇپ، تارىختا كەينى ـ كەينىدىن بىر ـ بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ قاشتاشچىلىق كەسپىگە بولغان ۋارىسلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. سىدىقئاخۇن تاشچى، نىزاخۇن تاشچى قاتارلىقلار ئازادلىققىچە بولغان دەۋرلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق، ئىختىساسلىق ۋەكىللىرى بولۇپ، بۇلار ھازىرقى زامان كېرىيە يېڭى قاشتاشچىلىقىنىڭ ئۇل سالغۇچىلىرى بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن 60 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن.

*　　*

خام پىلىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ يىپەك تارتىش كېرىيەدىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى كەسپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ كەسپكە كەينى ـ كەينىدىن ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس. كېرىيە بازار ئىچىدىن نىزاخۇن شايىچى، مەتتوختىكام شايىچى، غازاخۇن شايىچى، ئوسمانئاخۇن شايىچى، قادىراخۇن شايىچىلار كېرىيە يىپەكچىلىكىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىك

# كېرىيە خەلقىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە

ئىمىن رەئىس ھاجىم　　ئىمىن روزى

1931 ـ يىلى ئەتمىيازدا قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىنى تەۋرىتىۋەتتى. كېيىن، يەنى 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1933ـ يىلىنىڭ بېشىدا تۇرپان قاتارلىق جايلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى.

1932 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئالدى بىلەن قارقاشتا كېيىن خوتەندە مەلىك ھەزرىتىم (مەتنىيازئەلەم ئاخۇنۇم)، مەمتىمىن بۇغرا باشچىلىقىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدىن چاقىلىقچە بولغان بىپايان ئۆلكە زېمىنىنى مىللىي زۇلۇم ۋە شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ قۇدرەتلىك يالقۇنى قاپلىدى.

ناھىيىمىز كېرىيە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا، قاراقورۇم تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان چەت ناھىيىلەرنىڭ بىرى. ناھىيىمىز كېرىيە ئۈرۈمچىدىن 2000 كىلومېتىردىن كۆپرەك يىراقلىقتا بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1884 ـ يىلى شىنجاڭدا ناھىيە تەسىس قىلغاندا، تۇنجى تۈركۈمدە ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان جايلارنىڭ بىرى

ئوغۇللار ئىپتىدائىي باشلانغۇچ مەكتىپى» ئىدى. ئاخىرقى مۇدىر، ئىلمىي مۇدىرلىرى - بارى پاسار، مىجىت ئەپەندى قاتارلىقلار ئىدى.

كېرىيەدە تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغاندا كېرىيە شەھەر ئىچىدىن ئاساسلىق ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ مەكتەپلەردىن تۇنجى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ تۇنجى قارار جەمئىيەتكە چىققانلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ ئىككى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدۇر. كېرىيەدىكى ھازىرقى 1 - ئەۋلاد كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئەنە شۇ ئىككى مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردۇر.

ئەلەملىككە بەلگىلىگەن. بۇنى ئائىلىغان مەمەتئاخۇنۇم شۇ كېچىسى 15 يامبۇ (750 سەر كۈمۈشكە تەڭ) نى ئامبالغا يوللىغان. ئامبال ئەتىسىلا مەمەتشانى ئەلەملىكتىن قالدۇرۇپ مەمەتئاخۇنۇمنى ئەلەملىككە تەيىنلىگەن. بىر كېچىدىلا ئامبالنىڭ يانچۇقىغا 27 يامبۇ كىرگەن. بۇ ئىشنى مەن (ئىمىن رەئىس هاجى) ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئەلەملىكتىن ئىبارەت بىر دىنىي ئىمتىيازنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنچە پۇل خىراجەت قىلىغان يەردە، ئەمەلىي هوقۇقلۇق شائىيولۇقنى قانچە پۇلغا ئالىدۇ؟ شائىيو، ئەلەملەر بولسا ئامبالغا بەرگەن پارىنى بىرنى ئون، ئوننى يۈز قىلىپ خەلقتىن ئۇندۇرۇۋالاتتى. هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىكى، پارىخورلۇقى، ئاچ كۆزلۈكى خەلق ئۈچۈن بىر بالا - قازاغا ئايلانغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، يېزا - قىشلاقلاردىكى دېهقان - چارۋىچىلار، هۈنەرۋەن كاسىپلارنىڭ ئەهۋالى يىلدىن - يىلغا ئېغىرلىشىۋاتاتتى. هەر خىل نامدىكى باج - سېلىقلار، ئالۋاڭ - سەيسىلەر پۇقرالارنى ئاچ - يالىڭاچلىق، نامراتلىققا مۇپتىلا قىلماقتا ئىدى. يۇقىرى - تۆۋەندىكى ئەمەلدارلارنىڭ زۇلمى، يولسىزلىقى، ئاقتى - سوقتى قىلىشتەك قىلمىشلىرى خەلقنى جېنىدىن جاق تويغۇزغاچقا، خەلقنىڭ هۆكۈمەتكە ۋە هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتى ئومۇمىي غەزەپكە ئايلانغانىدى. ئۇ چاغدا خەلقتىن يىغىۋېلىنىدىغان هەر خىل باجلار، ئۆلۈك باج ۋە تىرىك باج دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلاتتى. ئۆلۈك باج دېگىنىمىز خام، تالما، كۆن، چەم قاتارلىق جانسىز نەرسىلەرنىڭ بېجى؛ تىرىك باج بولسا، تۆگىدىن تارتىپ قوزا - ئوغلاققا قەدەر بولغان جانلىق نەرسىلەرنىڭ بېجى بولۇپ، مەيلى ئۆلۈك ياكى تىرىك باج بولسۇن باج نورمىسى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا باج يىغىش - بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ هارام

ئىدى. ئۇچاغدا ھازىرقى لوپ، چىرىيە، نىيە ناھىيىلىرى كېرىيە ئامبال يامۇلىغا قارايتتى. 1902 - يىلى لوپ ئايرىم ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ھازىرقى چىرا، كېرىيە، نىيە ناھىيىلىرى بىر ناھىيە بولۇپ قېلىۋەردى.

## 1. قوزغىلاڭ ئالدىدىكى ۋەزىيەت

1933 - يىلى 3 - ئايدا قوزغالغان كېرىيە دېھقانلار قوزغىلىڭىغا دائىر ۋەقەلەر مانا شۇ كېرىيە، نىيە دائىرىسىدە يۈز بەرگەنلىكىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ سەمىگە تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز.

جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ناھىيىنىڭ ئامباللىرى يىلدا بىر قېتىم يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى. ئامباللارنىڭ تۇراقلىق مائاشى بار - يوقلۇقى نامەلۇم. لېكىن ئامباللار دەۋا ھەققى، سوراق ھەققى ۋە پارا ئېلىش، خەلققە خالىغانچە سېلىق چېچىش، شۇنداقلا ھەر يىلى تۆۋەندىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، نەپ ئېلىش قاتارلىق قاقتى - سوقتى قىلىش ۋاستىلىرى بىلەن بىر يىلدىلا بېيىپ كېتەتتى. مەسىلەن، بىر كىشى يېڭىدىن شاڭيو بولماقچى بولسا ئاز دېگەندە ئامبالغا 500 سەردىن 1000 سەرگە قەدەر كۈمۈش ياكى شۇ قىممەتتە ئالتۇن پارا بېرەتتى. ئەمەل - مەنسەپ تالىشىدىغانلار كۆپ بولغانسېرى بېرىلىدىغان پارىنىڭ مىقدارىمۇ كۆپىيەتتى. خىزمەتكە - ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە بىلىم ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىگە قارىماي، بەرگەن پارىنىڭ مىقدارىغا قاراپ بەلگىلەيتتى. بوغازلەڭگەر يېزىسىغا ئەلەم بەلگىلەشتە، ئامبال مەمەتشا ئاخۇنۇمدىن 12 يامبۇ (600 سەر كۈمۈشكە تەڭ) پارا ئېلىپ

قىشلاقلاردىن ئوتتۇن ساتقىلى كەلگەن ئوتتۇنچىلارنى بەش ـ ئالتە يەردە توسۇپ، ھەر توسۇقتا ئىككى ـ ئۈچ ياغاچتىن ئوتتۇن تارتىۋېلىپ ئوتتۇن بازىرىغا بارغۇچە ئوتتۇننىڭ يېرىمى قالاتتى. بازار كۆنلىرى تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلاردىن ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئاغزىغا كەلگەننى دەپ سېلىق چېچىپ يەر پۇلى يىغاتتى. بېرەلمىگەن ياكى نارازى بولغانلارنى ئۇرۇپ ـ دۇمبالايتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئادەتتىكى ئەسكەرلەر يالىلىغان كىشىلەر خەلققە شۇنچىۋالا زورلۇق قىلغان يەردە، باشقا ئەمەلدارلارنىڭ زۇلمى قانچىلىك بولماقچىدى؟

ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىنتايىن چىرىك ۋە ھاكاۋۇر بولۇپ، پۇقرالار ئۇلار بىلەن توغرىدىن ـ توغرا كۆرۈشەلمەيتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئەرز ـ دادلىرىنى ئېيتىدىغان ئادەم تاپالمايتتى. دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىدا پارىخورلۇق ئەۋج ئالغان بولۇپ، دەۋا ـ دەستۇرلار كىم كۆپ پارا بەرسە شۇنىڭ پايدىسىغا سورىلاتتى. ئەگەر خەنزۇ ئامبال ياكى خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشۈشكە توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن تۇڭچى (تەرجىمان) لارنى ئىزدەپ كۆپ ھەش ـ پەشلەرنى قىلىپ پارا بېرىپ، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولاتتى.

بازار ئىچىدە بىرنەچچە گۆرۈكەش (جازانىگە پۇل تارقاتقۇچى) خەنزۇلار بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئىككىدىن ئۈچكە قەدەر بوجاڭلىرى بار ئىدى. بۇ بوجاڭلار ئۇيغۇرلار بولۇپ، قەرز ئالغۇچىلارغا بورىن (كېپىل) بولاتتى. قەرز ئالغۇچىلار پۇلىنى قەرەلىدە قايتۇرالمىسا، قەرز ئالغۇچىلارنىڭ يەر خەتلىرىنى تارتىۋېلىش، ئۆي ـ جاي، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ساتقۇزۇش ۋە ئۇلارنى تۇتۇپ، ئۇرۇپ ـ دۇمبالاش ئىشلىرىنى بېجىرەتتى. جازانىخور

دۇنيا توپلىشىدىكى چوڭ كاۋاك ئىدى. باج يىغىشنى ئامبالغا پارا بېرىش ئارقىلىق ئىككى كىشى كۆتۈرە قىلىپ ئالاتتى. ئۇلار خالىغانچە ھەر خىل باجلارنى ئويدۇرۇپ چىقىراتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆپلەپ پۇل ۋە مال - دۇنيا يىغىۋالاتتى. مەنسەپدارلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، يۇرتىنىڭ يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلىرى باج تۆلىمەيتتى. پۈتۈن ئېغىرچىلىق ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى. باج كۆتۈرە ئالغۇچىلار ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بېيىپ كېتەتتى. مەسىلەن، ئۆز ۋاقتىدىكى قاسساپلارنىڭ ئاقساقىلى جامالەك ئاقساقال دېگەن ئادەم تېرىك باجنى كۆتۈرە ئېلىپ بىر يىل ئۆتمەيلا بېيىپ كەتكەن. ئۇ، ئىككىنچى يىلى ئامبالغا 40 يامبۇ پارا بېرىپ، يېڭى شەھەرنىڭ شاڭيولۇقىنى سېتىۋېلىپ، جامالەك بېگىم دېگەن نامغا ئىگە بولغان. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

ئۇچاغدا مەخسۇس ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى تەسىس قىلىنماستىن، بەلكى يامۇلنىڭ ئىچىدە شەھەر تىنچلىقىنى ساقلايدىغان 20 نەپەردىن ئارتۇقراق ئۇيغۇر چېرىك بار ئىدى. ئۇلارغا نىڭ لاۋسى دېگەن بىر خەنزۇ يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇلار نامدا شەھەرنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان بىلەن، بارلىق يامان ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلاتتى. قىمار ئوينىغان ياكى ئوغرىلىق قىلغانلارنى تۇتۇۋالسا، پۇل ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى ئېلىۋېلىپ قويۇپ بېرەتتى. ئۇلاردىن ئېلىنىۋالغان زاڭنى ئىگىسىگە قايتۇرماي، ئامانلىق ساقلىغۇچىلار بۆلۈشۈۋالاتتى. ئامانلىق ساقلىغۇچى چېرىكلەر ئىككى بەن بولۇپ، باشلىقىنى شىجاڭ (ئونبېشى) دەپ ئاتايتتى. ئەمەت شىجاڭ، قۇربان شىجاڭ دېگەن ئىككى چاپارمەن ئۆز ئالدىغا ئۈچ - تۆتتىن كىشىنى ياللاپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش، قاقتى - سوقتى قىلىش ئىشلىرىغا سالاتتى. بۇ ياللانمىلار يېزا -

خوتەنگە يۈرۈش قىلىپتۇ» دېگەن خەۋەرلەر تارقالدى. خەن دارېن دېگەن ليەنجاڭ «خوتەندىكى قوزغىلاڭنى مەن باستۇرىمەن» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ لەڭزىدىكى ئەسكەرلەرنى (ئازغىنا ئەسكەر قالدۇرۇپ) ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، بىر قېتىملىق ئۇرۇشتىلا مەغلۇپ بولۇپ، جېنىدىن جۇدا بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن كېرىيەنىڭ ۋەزىيىتى جىددىي داۋالغۇپ كەتتى. ئالدى بىلەن كېرىيەدىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلار، گۆرۈكەش خەنزۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى كۆڭ يەن، جاڭ لوسى دېگەنلەرنىڭ باشچىلىقىدا تەشكىللىنىپ، يېقىن تاغلاردىكى ئوۋچى - پالۋانلارنى مىلتىقلىرى بىلەن يىغىپ، يامۇل ۋە لەڭزىدە بار بولغان مىلتىق، نەيزە، قىلىچلارنى كۆتۈرتۈپ 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى (جۈمە كۈنى) ناھىيە بازىرىدا قوراللىق نامايىش ئۆتكۈزۈپ، نامايىشتىن كېيىن ئۇلار لەڭزىگە كىرىپ سېپىل ئىچىگە بېكىندى. لەڭزىنىڭ ئەتراپى ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ، ھۇجۇم قىلىشقىمۇ، مۇداپىئە كۆرۈشكىمۇ ئەپلىك ئىدى. بۇ، جازانىخور خەنزۇلار بىلەن ئايرىم ئەمەلدارلار ئۇيۇشتۇرغان پوپوزا خاراكتېرلىك نامايىش بولۇپ، قورال كۆچى ئارقىلىق كېرىيە خەلقىنىڭ قوزغىلىشىنى توسۇشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خەنزۇلار ئۆيغۇرلارنى بېسىقتۇرماقچى دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىپ، ئىنتايىن يامان رول ئوينىدى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى (يەكشەنبە) ئۇلار ھۆكۈمەت نامىدىن كېرىيەدىكى يۇرت كاتتىلىرى، دىنىي زاتلار ۋە بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن ئابدىخەبىر ھاجى، (بۇ كىشى توقسۇنلۇق بولۇپ، چوڭ مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئىدى. مەدرىسە ئورنى ھازىرقى تۆرمىنىڭ ئورنىدا)، نىزامىدىن داموللا ھاجىم (بۇخارادا

گۆرۈكەشلەر ئوغرىلارنىڭ زاڭ ماللىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، بازارغا سېلىش بىلەن كۆپ پايدا ئالاتتى. مال ئىگىسى: «بۇ، مېنىڭ نەرسىلىرىم ئىدى» دەپ كەلسە، گۆرۈكەشلەر: «مەن سېتىۋالدىم» دەپ ئۇلارنى ئىگە قىلمايتتى. گۆرۈكەشلەر ئامبال، ئەمەلدارلارغا سوۋغا ـ سالام بېرىپ تۇرغاچقا، ئەرز قىلىپ بارسىمۇ سورىغىلى ئادەم چىقمايتتى. زاڭ ماللارنى پۇل قىلىدىغان ئوكۇشلۇق پۇرسەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوغرىلىق ئىشلىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغاچقا، پۇقرالارنىڭ كۈنى ئەندىشىدە ئۆتەتتى.

ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ناھىيە بازىرىدا ئاپئاشكارا ھالدا نەشە، ئەپيۇنخانىلار ۋە قىمارخانىلارنى ئېچىپ تىجارەت قىلدى. ھەتتا «شىندىيەن» دېگەن بىر پاھىشىخانىنى ئېچىپ، يەكەندىن ئالاھىدە زىۋاخان ئىسىملىك بىر پاھىشە ئايالنى ئېلىپ كېلىپ ئاشكارا ئادەم جەلپ قىلدى. بۇلاردىن ئەمەلدارلار كۆپ ئىقتىسادىي نەپ ئالاتتى. يوقىرىقى قىلمىشلار خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى. بۇ ۋاقىتلاردا قۇمۇل، تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر تەرەپلەردىكى خەلق قوزغىلىڭىغا ئائىت مىش ـ مىش خەۋەرلەر كېلىپ، خەلقنىڭ چىرىك ھۆكۈمەتكە قارشى داۋالغۇش ۋە قوزغىلىش كەيپىياتى بارلىققا كېلىۋاتاتتى. بۇ ۋەزىيەت قايناۋاتقان قازانغىلا ئوخشايتتىكى، تۈۋاق ئېچىلسىلا قازان تاشاتتى.

## 2. قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشى

1933 ـ يىلى ئەتىيازدا ناھىيىمىز خەلقى تاشالماي تۇرغان مەزگىلدە، «قارىقاشلىقلار قوزغىلىپ قارىقاشنى پەتھى قىلىپ

پاناھلىنىش مەقسىتىدە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ئۆيلىرىدىن قېچىپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى. تاڭ ئاتقاندا شەنبە بازارنىڭ «سېسىق ئىلەك» دېگەن يېرىگە كەلگەندە قاچقان ۋە ئەگىشىپ ماڭغانلار نەچچە يۈز كىشىگە يەتتى. يىغىلغانلار ئىچىدىكى يۇرت كاتتىلىرى مەسلىھەتلىشىپ، ئىمىن ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن مەتشېرىپ ئەلەم ئاخۇنۇمنى خوتەنگە ئەلچىلىككە ماڭغۇزدى. قالغانلار ئابدىخەبىر ھاجى، سوپى بەگ باشچىلىقىدا قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، ناھىيە بازىرىدىن «خەنزۇلار ۋە ئەمەلدارلار لەڭزىگە كىرىۋاپتۇ، بىر قىسىملىرى نىيە ۋە چەرچەنگە كېتىشنى كۆزلەپ قېچىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، يامۇلنىڭ بوش قالغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلار خوتەنگە بارماي، كىرىيەگە قايتىپ ناھىيىنى پەتھى قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار ئات ئۇستىدە تۇرۇپ قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنى سايلىدى. ئابدىخەبىر ھاجى ناھىيىنىڭ پادىشاھلىقىغا، مەمتىمىن باي ئەمىر لەشكەرلىككە، سوپى بەگ ئوڭ قول ۋەزىرلىككە سايلاندى. ئۇلار شەنبە بازار، قاراقىر، لايسۇ، شىۋۇل قاتارلىق ھەرقايسى يېزا ـ كەنتلەردىكى ئۆلىما، مۇدەررىس، بەگ، شاڭيولارغا ئادەم ئەۋەتىپ، توپلىنىپ قوشۇن باشلاپ، ناھىيىگە يۈرۈش قىلىشنى ئۇقتۇردى. ئادەملەر توپلىنىپ تەشكىللىنىپ بولغۇچە، قوشۇن ئىچىدىن رەجەپ ئاقساقال دېگەن جىگەرلىك بىر ئادەمنى تېپىپ چىقىپ «سىز جىگەرلىك، باتۇر ئادەم. سىزنىڭ خىزمەت كۆرسىتىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى، سىز ئالدىمىزدا يولغا چىقىپ، خوتەن پادىشاھلىرى كەلدى، ھەممىڭلار ئالدىغا چىقىڭلار، پادىشاھىڭلار ئابدىخەبىر ھاجى، ئەمىر لەشكىرى مەمتىمىن باي، ۋەزىر ئەزەم سوپى بەگ دەپ يول بويى جاكا (ئېلان) قىلىپ ناھىيە بازىرىغا كىرىڭ» دەپ ئەۋەتتى. رىجەپ ئاقساقال ھەقىقەتەنمۇ قورقماس،

ئىلىم تەھسىل قىلغان مەشھۇر ئۆلىما، بەر قاراڭغۇ ساي مەدرىسىسى بىلەن يېڭى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئىدى)، مەتتوختى ئەلەم ئاخۇنۇم (ئاشلىق بازىرى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئىدى)، ئىمىن ئەلەم ئاخۇنۇم (كېرىيەنىڭ باش قازىسى، كۆتىرەم مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئىدى)، ئابدۇللا خەلىپىتىم (ھال مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئىدى)، روزىئاخۇن مۇنەججىم (ئاخۇنھاجى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئىدى)، ئابلىز ئاخۇنۇم چوڭ (مۇسا بەگ مەدرىسىگە مۇدەررىس ئىدى)، ئىبراھىمئاخۇن خەلپىتىم (تۇرسۇن بەگ ھاجىمنىڭ مەدرىسىگە مۇدەررىس ئىدى) قاتارلىق 20 نەچچە كىشىگە باغاق تارقىتىپ يامۇلغا چايغا تەكلىپ قىلغانىدى. شۇ چاغدا يېڭىشەھەرنىڭ شاڭيۇسى بولۇپ، ئامبال يامۇلىدا تۇرۇۋاتقان دۆلەت نىياز بەگ چايغا تەكلىپ قىلىنغانلارنىڭ زىياپەت ئۈستىدە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى پىلانلاشقانلىقىدىن خەۋەردار بولغاچقا، كېچىلەپ ئابدىخەۋەر ھاجىم، مەتىمىن باي قاتارلىق كىشىلەرنى خۇپىيانە تېپىپ، چايغا تەكلىپ قىلىشنىڭ سىرىنى ئۇلارغا ئاشكارىلاپ، «بۇگۇن كېچە جېنىڭلارنى جايلىماڭلار، ئەتە دۈشەنبە جېنىڭلاردىن ئايرىلىسىلەر» دەپ خەۋەر بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن باغاق تاپشۇرۇۋالغان كىشىلەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر ۋە خەۋپلىك ئىدى. بۇ كىشىلەر پۈتۈنلەي تەييارلىقسىز ۋە تەشكىللىنىمىز ھالەتتە بولغاچقا نېمە قىلىشنى ۋە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمەيتتى. ناھايىتتىن كېيىنكى چايغا چىللاپ يوقىتىشتىن ئىبارەت بۇ كونا نەيرەڭ پاش بولۇپ قاتتىق تەسىر قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېزا - كەنتلەردە پاناھلىنىش ئۈچۈن قاچقان بولسىمۇ، شۇ كېچىسى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئىچىدە

ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدى. قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىن بىر تۇركۇم ئادەملەرنى «قۇمۇلدىن پادشاھ كەلدى» دەپ توۋلاتقۇزدى. ئەخمەت داموللام ھىيلە ئىشلىتىپ، لەڭزىنى ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، غەيرىتىنى ئاشۇردى، مەسلىھەت بويىچە لەڭزىگە خەت كىرگۈزمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن «بىز قۇمۇلدىن كەلدۇق، ئەسكەرلىرىمىز كۆپ، قوراللىرىمىز خىل، داپولىرىمىز بار، ئەگەر تەسلىم بولمىساڭلار داپو ئېتىپ، كىرىيەنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمىز» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ، ئابدۇللا رەئىس، يۇنۇس تۆڭگان (خەنزۇچە ئىسمى خەسىت) دېگەن ئىككى كىشىدىن لەڭزىگە كىرگۈزدى. ئۇلار خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، تالاش - تارتىش بولۇپ، كونا ئامبال ۋاڭ دارېن قاتارلىق ئاز ساندىكى كىشىلەر تەسلىم بولماي، قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. يېڭى ئامبال جاڭ دارېن قاتارلىقلار كۆپ سانلىق بولۇپ، ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر تەسلىم بولۇش قارارىغا كېلىپ، لەڭزىدىن چىقتى. جاڭ دارېننىڭ (ئۇ، كىرىيەگە ئىككى - ئۈچ ئايچە ئامبال بولغان) ئاشۇ خىزمىتى ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭ ئىنىسى (ئىسمى شو دارېن بولۇپ، يامۇل تىنچلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى) بىلەن ئىككىسىگە چېقىلماي، تولۇق تەييارلىق قىلىپ، يۇرتىغا چىرايلىق ئۇزىتىپ يولغا سېلىپ قويدى. ۋاڭ دارېن ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئېتىپ تاشلاندى. جاڭ لوسى، لەي شەنسىڭ باشچىلىقىدا 40 قا يېقىن ئادەم نىيە تەرەپكە قاچقانلىقى ئۈچۈن، روزى بەگ لەڭگە ۋە دۆلەتنىياز بەگ باشچىلىقىدا بىرنەچچە كىشى ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىلدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوغلاپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان لەي شەنسىڭ دورا (زەھەر) يەپ

غەيرەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ بىر بوز بايتالنى مىنىپ، ھېلىقى ئېلاننى تەكرارلاپ ماڭدى. ئۇلار «مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ مال - مۈلكىگە تەگمەيسىلەر، جازانىخور زالىملارنىڭ مال - مۈلكىنى ئولجا قىلىسىلەر» دەپ ئېلان قىلدى. 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى (سەيشەنبە) تەخمىنەن 10 مىڭدەك ئادەم توپلىنىپ بازار ئىچىگە بېسىپ كىردى. ئۇلار ئالدى بىلەن يامۇلنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن گۆرۈكەش خەنزۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئولجا قىلىپلا لەڭزىنى قورشىدى. لېكىن لەڭزىدىكىلەر شەپە چىقارماي جىم تۇرۇۋالدى. قوزغىلاڭچىلار ئاخىر لەڭزىنىڭ ئاتخانىسىغا ئوت قويۇۋەتتى. شۇ چاغدا لەڭزىدىكىلەر ئوق چىقىرىپ، مەتنىياز ئاخۇن ئەچكۇ، سۇپۇرگە ئاخۇن قاتارلىق ئالتە ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئادەم ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆپ قىسمى قېچىپ ئاز بىر قىسمى قالدى. چۈنكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرى بولۇپ، تەربىيە كۆرمىگەنلىكى ئۈستىگە قورالسىز ھەم ئۇرۇشقا قاتنىشىپ باقمىغانىدى. بۇ چاغدا مەتىمىن باي قاتارلىقلار قوشۇننى قايتا تەشكىللەپ، لەڭزىنى قورشاشنى داۋاملاشتۇردى. لەڭزىنىڭ ئەتراپىغا ئوتتۇن دۆۋىلەپ يۈز نەچچە يەرگە گۈلخان يېقىپ ئۇخلىماي تاڭنى ئاتقۇزدى.

لەڭزىنى ئېلىش تەس بولغاچقا، ئابدىخەبەر ھاجى شۇ كۈنىلا قاراقىر يېزىسىنىڭ مۇدەررىسى ئەخمەت داموللامغا خەت يېزىپ ئادەم باشلاپ چىقىپ قوزغىلاڭغا قاتنىشىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. (ئەخمەت داموللام ئەسلى قۇمۇللۇق بولۇپ، ئابدىخەبىر ھاجىمنىڭ تالىپى ئىدى). ئەخمەت داموللام جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەتىسى (چارشەنبە) تۆت - بەش يۈزچە ئادەمنى باشلاپ كۆزنىگە رەڭلىك ئەينەك تاقاپ، بايراق كۆتۈرۈپ، دۇمباقلارنى چېلىپ،

ئۆزلىرى ئولتۇرۇش خام خىيالىدا ئىدى ھەم ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆزلىرىنى پادشاھ، ئوڭ قول ۋەزىر، ئەمىر لەشكەر دەپ ئاتىشىۋالغانىدى. دەل شۇ چاغدا قوزغىلاڭنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرى تەيىنلەپ، خوتەنگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىككى ۋەكىل (ئىمىن ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن مەتشىرىپ ئەلەم ئاخۇنۇم) خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى مەلىك ھەزرەت (مەتنىياز ئەلەم) نىڭ بىر پارچە بۇيرۇقىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. بۇيرۇقتا ئىمىن ئەلەم ئاخۇنۇم (ئەسلى ناھىيىنىڭ ئەلىمى) كېرىيەنىڭ ۋالىيلىقىغا، مەتشىرىپ ئەلەم ئاخۇنۇم (ئەسلى ناھىيىنىڭ مۇپتىسى) كېرىيەنىڭ بىرىنچى ئەلەملىكىگە تەيىنلەنگەنىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدىخەبەر ھاجى، سوپى بەگ، مەتىمىن بايلارنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، سەپرايى ئۆرلەپ كەتتى - دە، مەتىمىن باي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ مەتشىرىپ ئەلەم ئاخۇنۇمغا دېۋەيلەپ «سەن خوتەنلىك پوقاقتىن ئۇقتۇرۇش ئېلىپ كەپسەن، بىز خوتەنگە تەۋە بولماي مابۇفاڭغا تەۋە بولىمىز» دېدى ۋە قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ چېپىشقا تەييارلانغان ھالدا: «كېرىيەنى كىم پەتھى قىلدى؟» دەپ سورىقىنى تارتقاندىن كېيىن، مەتشىرىپ ئەلەم ئاخۇنۇم ئىنتايىن قورقۇمسىراپ: «سىز پەتھى قىلدىڭىز، سىز پەتھى قىلدىڭىز» دەپ تەكرار جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بۇيرۇقى كۈچكە ئىگە بولمىغان. لېكىن ئۇلارنىڭ خوتەنگە تەۋە بولماي ئۆز ئالدىغا قۇرغان پادشاھلىقى ئىككى ھەپتە ھۆكۈم سۈردى. 26 كۈندىن كېيىن خوتەندىن كامال داموللام ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، كېرىيەنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

## 4. خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كېرىيەنى ئىشغال قىلىشى

خوتەندىن كامال داموللام دېگەن كىشى ئىككى يۈز ئەتراپىدا قوشۇن باشلاپ كېرىيەگە يېتىپ كەلدى. ئەسكەرلەر ئوق

ئۆلتۈرۈۋالغان. جاڭ لاۋسى (شۆتاڭنىڭ شوجاڭى ئىدى) نىيىتى ناھىيىسىنىڭ بىر بېلىق كۆلىگە كىرىۋېلىپ، ئوق چىقىرىپ، ئىككى كۈن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلىنىپ، كاللىسى كېسىپ كېلىنگەنىدى. شۇ چاغدا خەلق ئىچىدە: «جاڭ لاۋسى قاچتى نېمىگە، كاللىسى كەلدى كېيىنگە» دېگەن قوشاق توقۇلغانىدى.

## 3. مابۇفاڭغا يېزىلغان خەت

ئابدىخەبەر ھاجى قاتارلىقلار يامۇلنى ئىشغال قىلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ناھايىتى كۆرەڭلەپ كەتتى. قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى كېڭىشىش ئارقىلىق «كېرىيەنى ئۆزىمىز پەتھى قىلدۇق، بىز خوتەنلىكلەرگە ئەل بولماي، گەنسۇدىكى مابوپاڭغا تەۋە بولىمىز» دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. ئۇلار كېرىمئاخۇن شىغا دېگەن ئادەمنى تەيىنلەپ، بىر پارچە خەت بىلەن سوۋغا - سالام تەييارلاپ، مابۇفاڭنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. خەتنىڭ مەزمۇنى «بىز كېرىيەنى پەتھى قىلدۇق، كېرىيەنىڭ كونا خەزىنىسىدىن مىلك سەر ئالتۇن ۋە باشقا نەرسىلەرنى ساقلاپ تۇردۇق، مابۇفاڭ جانابلىرى كېلىپ خەزىنە بىلەن كېرىيەنى ئۆز قولىغا ئالسا ئىكەن» دېگەن مەزمۇندا ئىدى. ئابدىخەبەر ھاجى قاتارلىقلار دىنىي ئىلىمدا كامالەتكە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنيا ۋەزىيىتى، دۆلەت ئەھۋالى، شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردىن خەۋىرى يوق، كالتە پەم، نەزەر دائىرىسى تار ئادەملەر ئىدى. ئۇلار گەنسۇدىكى مابۇفاڭنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، كېرىيەنى مۇستەقىل ھالدا ئۆزلىرى باشقۇرۇش، شاھلىق تاجى كىيىپ، پادىشاھلىق تەختىدە

توقسۇن بەگ ھاجىم كىچىكرەك بەگ بولۇپ ئاچ كۆز ئادەم ئىدى. شىلىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مەزگىلىدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى «ئەگەر سىز كۈيئوغلىڭىز نىزامىدىننى تېپىپ بەرسىڭىز سىزنى پاششاپ (چوڭ بەگ) قىلىمىز» دەپ ئالدىسا، كىچىككىنە مەنسەپنى دەپ ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى، كىرىيە خەلقىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىمى نىزامىدىن دامولّلامنى تۇتۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، شىلىڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن.»

نىزامىدىن دامولّلام بىلەن ئابدىخەبىر ھاجى ئەپ ئەمەس ئىدى. ئابدىخەبىر ھاجى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىپ، قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، نىزامىدىن دامولّلام قايىل بولماي، قەۋمى شەھىدان (بۇ جاي مەشھۇر تارىخىي يادىكارلىق ئورنى بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن بەش كىلومېتىر غەربىي جەنۇبتا) غا چىقىپ تىلاۋەت قىلىپ يېتىۋالغانىدى. مەن (ئىمىن رەئىس ھاجى) دامولّلامنى يامۇلغا ئېلىپ كىردىم. مەمتىمىن باي دامولّلامغا «كامال دامولّلامنىڭ نىيىتى ئۇرۇشۇش ئىكەن، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، ئۇرۇشماي تامغىنى تاپشۇرساق ئۆزلىرى ئارىغا كىرىپ ياراشتۇرۇپ قويسىلا» دەپ ئىلتىجا قىلدى. نىزامىدىن دامولّلام ئۇلارغا «خوتەن پەتىھ بولمىغان بولسا، سىلەر كىرىيەنى پەتىھ قىلالمايتتىڭلار، ھەممىمىز مۇسۇلمان بولغاچقا، خوتەنگە تەۋە بولساق بولمامدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىمىزدا ھېچقانداق قورال - ياراغ يوق، ئۇرۇشمۇ قىلىپ باقمىدۇق» دەپ بىر مۇنچە تەنبىھ بەرگەندىن كېيىن، نىزامىدىن دامولّلامنىڭ سۆلھى قىلىشى بىلەن ھاكىمىيەت تامغىسىنى كامال دامولّلامغا تاپشۇرۇپ، خوتەن قىسىملىرى بىلەن كىرىيە قوزغىلاڭچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولماي، ھاكىمىيەت تىنچلىق بىلەن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. كامال

مىلتىقلىرى ۋە بىر ئاتار مىلتىق بىلەن قوراللانغان بولۇپ، كامال داموللام ئۇلارنى لەڭزىنىڭ ئالدىدىكى «نياڭنياڭ مياۋ»[①] دېگەن بۇتخانىغا چۈشۈرۈپ، ئۆزى بىر قانچە مەھرەم (مۇھاپىزەتچى) لىرى بىلەن يامۇلغا كېلىپ، ئابدىخەبەر ھاجى، مەمتىمىن باي، سوپى بەگلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، كېرىيەنىڭ ھاكىمىيەت تامغىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار «كېرىيەنى ئۆزىمىز پەتھى قىلدۇق، خوتەنگە تەۋە بولماي مابۇفاڭغا تەۋە بولــــــــــــىمىز» دەپ تامغا تاپشۇرۇشنى رەت قىلىدۇ. كامال داموللام تەدبىرلــــــىك ئادەم بولغاچقا، ئۇلار بىلەن تالاش - تارتىش قىلماي «بوپتۇ، بىز خوتەنگە قايتىپ كېتەيلى» دەپ قايتىپ چىقىپ، ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ پوندىرا[②] دېگەن جايدا توختاپ، قوشۇننى تەشكىللەپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، كېرىيەنى ئىشغال قىلىشنى پىلانلايدۇ. ئۇلارنىڭ پىلانىنى مەمتىمىن باي بىلەن سوپى بەگ بىلىپ قېلىپ، دەرھال سۈلھى قىلىشنى قارار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈلھى قىلىشقا ئەڭ ئابرۇيلۇق بولغان نىزامىدىن داموللامنى ئەۋەتىشنى لايىق تېپىپ، ئىمىن رەئىس ھاجىنى نىزامىدىن داموللامنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

نىزامىدىن داموللام باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي تەربىيىنى مەتنىياز ھاجى ئاخۇنلىقۇمدا ئالغان، كېيىن بۇخارادا ئالتە يىل ئوقۇغان قارىي ھەم ئالىم كىشى بولۇپ، كېرىيەنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا دىنىي جەھەتتە ئۇنىڭدەك كامىل ئالىم يوق ئىدى. ئۆزى ئادىل، مېھماندوست، پەزىلەتلىك كىشى بولغاچقا ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. ئۇ ماخوسەننىڭ ئاخىرقـــى يىللىرىدا كېرىيەگە يېرىم يىلچە ھاكىم بولغان. ئۇنىڭ قېيناتىسى

---

① خان ئانا بۇتخانىسى دېگەن مەنىدە.
② مەھەللە ئىسمى بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن بەش كىلومېتىر غەربتىكى كەنت

قىلىپ، ئاخىرىدا مۇكاپات تارقىتاتتى. پىدائىي ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. پىدائىي ئەسكەرلەرنىڭ چوڭراق توپلاشقان جايلىرى توختى ئىشاننىڭ قولىدا 1000 دىن ئارتۇق، مەتتوختى مۇپتىنىڭ قولىدا 200 دىن ئارتۇق، مەتتوختى ھاجىمنىڭ قولىدا 300 دىن ئارتۇق پىدائىي ئەسكەر تەربىيىلەنگەن بولۇپ، مەتتوختى ھاجىم ئىلگىرى چېرىك بولغان تۇرسۇن سەيپۇڭ دېگەن كىشىنى ھەربىي يېتەكچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، پىدائىيلارغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارغان.

## 5. قورال - ياراغ زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى

قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا قورال - ياراغ كەم ئىدى. بار بولغان قوراللىرىمۇ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتتىن تارتىۋالغان قوراللار ئىدى. لېكىن قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىرى قورال - ياراغقا ئىگە بولۇش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، ئۇلار قوزغىلاڭ پارتلاش بىلەنلا قورال - ياراغ مەسىلىسىنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويۇپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى. قوزغىلاڭ پارتلاپ بىر ئايدىن كېيىن، كىرىيە ناھىيىسىدە بىر قورال - ياراغ زاۋۇتى قۇرۇلدى. زاۋۇتنىڭ ئورنى لەڭزىنىڭ ئالدىدىكى «نياڭنياڭمياۋ» بۇتخانىسىدا بولۇپ، مىلتىق، ئوق، قىلىچلارنى ياسىغان.

ئالماس ھاجىم (ئەسلى نام - شەرىپى ئالماسئاخۇن پىچاقچى بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن 1980 - يىللاردا ھەج تاۋاپ قىلغان) دېگەن كىشى ناھايىتى ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپ، تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىقتا كامىل ئىدى. ئۆزى كۆرگەننى ياسىيالايدىغان،

داموللام ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئابدىخەبەر ھاجى بىلەن مەمتىمىن باينى ئەسكەر باشلىقى قىلىپ قوشۇننى باشلاپ يەكەنگە بېرىشنى بۇيرۇدى. ئىمىن ئەلەم ئاخۇنۇمنى ۋالىيلىققا، مەتشىرىپ ئەلەم ئاخۇنۇمنى بىرىنچى ئەلەملىككە بەلگىلىدى. لېكىن ئەمەلىي ھوقۇقنى ئۆز قولىدا تۇتتى. يېڭىدىن يۈز نەپەر ئەتراپىدا ئەسكەر قوبۇل قىلدى. ئومۇمىي ئەسكەر سانى 300 گە يېقىنلاشتى. ئەسكىرىي ئەمىر كامال داموللام، مۇئاۋىن ئەمىرلەر قارىقاشلىق ئېلاخۇن، خوتەنلىك سابىر ئاخۇنلار بولدى. ھەربىي يېتەكچى بولسا، تۈركىيىلىك ئەپەندىنىڭ قولىدا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئىسمايىل دېگەن كىشى ئىدى. ئەسكەرلەر ئۈستىدىن سۈمبىلەپ ئوقلايدىغان پاۋان سىلتىقلىرى، بىر ئاتار مىلتىق، 60 تال ئونئاتار مىلتىق، بەش دانە قىلىچ، نەيزە قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللانغانىدى. ئوفىتسېرلار توق قىزىل رەڭلىك، ئەسكەرلەر ئاچ كۆك رەڭلىك تۆت يانچۇقلۇق كالتە كىيىم كىيىشكەنىدى. ئوفىتسېرلارغا يىپەك ۋە بوز ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان غەزنە دېگەن رەختتە، ئەسكەرلەرگە بوز رەختتە (بوز چەكمەن) كىيىم تىكىلەتتى. ئوفىتسېرلارنىڭ كىيىمى خوتەندە، ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمى ناھىيىلەردە تىكتۈرۈلەتتى. ئوفىتسېرلار پاگون تاقىمايتتى. لېكىن ئۇجاڭدەي ئاساتتى. مۇنتىزىم قىسىمدىن باشقا، پىدائىي ئەسكىرىي قىسىملار تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار مەدرىسىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلاتتى. پىدائىي ئەسكەرلەر ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، قورال - ياراغلارنى ئۆزلىرى ھەل قىلىپ ھۆكۈمەتتىن راسخوت ئالمايتتى. ئۇلار نەيزە - قىلىچ، تاياق - توقماقلار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، پات - پات ناھىيىگە يىغىلىپ، ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىپ پاراتتىن ئۆتەتتى. پاراتنى كامال داموللام قوبۇل

ياغىچى ئېلىپ كېلىپ، مەخسۇس خارەت بەلگىلەپ ياسىغان. مىلتىقنىڭ سوپىتى كۆرۈنۈشتە خېلى مۇكەممەل ۋە مەلۇم جەڭگىۋارلىققىمۇ ئىگە ئىدى. لېكىن ئۇسكۇنىلەر كەمچىل، تېخنىكا ئىقتىدار تۆۋەن بولغاچقا، ستۇۋولىغا ساي چىقىرىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئېتىلغان ئوقنىڭ مۇساپىسى قىسقا، دەللىك دەرىجىسى تۆۋەن ئىدى.

دورا ياساش ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى، بوغازلەڭگەر يېزىسىنىڭ دېھقانلىرى ئىچىدە ئەزەلدىن مىلتىق دورىسى ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بار ئىدى. ئۇلاردىن بىر نەچچە كىشى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن كېلىپ، دورا ياسىغان. كېرىيەدىكى قورال - ياراغ زاۋۇتىغا خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. خوتەننىڭ ئەمىر لەشكەرلىرىدىن غاپپار ھاجى كېلىپ زاۋۇتنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئالماس ھاجىنى تەقدىرلىگەن. تۇڭگانلار كېرىيەنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قورال زاۋۇتىدىكى ئۇستىلارنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ خوتەنگە ئاپىرىپ، تۇڭگانلارنىڭ «بومخانا» سىدا گرانات ياساشقا سالغان. ئۇستىلارغا ئېغىر زۇلۇم ۋە ئازاب سالغان.

### 6. چەرچەن ۋە يەكەنگە ئەسكەر ماڭغۇزۇش

خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى كېرىيەنى ئۆز تەۋەلىكىگە ئالغاندىن كېيىن، كېرىيەنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، شەرققە يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇن تەشكىللەپ، ھەر خىل تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلەشكە كىرىشتى. ئالدى بىلەن خەلقتىن ئات ئارىيەت ئېلىش، بايلارنى ئالتۇن ئىئانە قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھەربىي لاۋازىمەت توپلىدى. ئېتى بارلار ئىختىيارىي ھالدا ئات ئارىيەت بەردى، تەييارلىق

ئەقىللىق، زېرەك ئادەم ئىدى. ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ پاۋان (ئوۋ) مىلتىقىنى ياسايتتى. قوزغىلاڭچىلار ئالماس ھاجىمنى باش تېخنىك قىلىپ بېكىتىپ، ئەخمەتئاخۇن ئاقساقال، ئېلاخۇن كاشاڭ، ئىبراھىمئاخۇن زەرگەر قاتارلىق ئۇستىلارنى شاگىرتلىرى بىلەن قوشۇپ قورال ياساشقا (ئاساسلىقى مىلتىق) تەشكىللىدى. بۇ زاۋۇتتا ئىشلەيدىغانلار شاگىرت، ئۇستا بولۇپ 20 دىن ئارتۇق كىشى ئىدى. ئەمما قورال زاۋۇتىدا ھېچقانداق زامانىۋى ئۈسكۈنە يوق ئىدى. ھۈنەرۋەنلەر ئاددىي ئۇسۇلدا ئۆز ئالدىغا ياساپ، بىر قانچە قېتىم ئېتىپ، سىناق قىلغاندىن كېيىن، كامال داموللامغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئىش ھەققى ئالاتتى. ئالماس ھاجىم ياسىغان بىر مىلتىققا دەسلەپ 50 سەر تەڭگە بەرگەندىن باشقا، كېيىنكى مىلتىقلىرىغا 40 سەردىن تەڭگە بېرىلەتتى. قالغان ئۇستىلارنىڭ مىلتىقلىرىغا 25 سەردىن تەڭگە بېرىلەتتى. ئالماس ھاجىم مىلتىقنىڭ زاتور قىسمىغا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ ئىشلەپ، ئوق ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن مىشەكنى ئۆزلۈكىدىن چىقىرىۋېتەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزگەن. كامال داموللام ئۇنىڭ ھۈنىرىگە قايىل بولۇپ، پۈتۈن ئەسكەرلەر ئالدىدا 23 ـ 24 ياشلىق ئالماس ھاجىنى تەقدىرلەپ تاۋار تون ياپقان ۋە 80 سەر كۈمۈش بىلەن مۇكاپاتلىغان. مىلتىق ياساشتا ئەڭ تەس ئىش مىلتىق ستۇۋولىنى تېشىش بولۇپ، بۇنىڭغا قاتتىق مېتالدىن ئۇشكە بېشى ياساپ تۆكمەن تېشىنى توچارقى ئورنىدا ئۇشكە سېپىغا ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا ياغاچ قولاق بەللەپ تەكرار ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىككى - ئۈچ ئادەم نۆۋەتلىشىپ چۆرۈپ 20 ـ 25 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ مىلتىق ستۇۋولىنى پۈتتۈرگەن. بىر مىلتىقنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن بىر ئۇستا بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلغان. مىلتىق قونداقنى چىرا ناھىيىسىدىن ياڭاق

كېرىيەدە ئابلا لىتىپ دېگەن بىر داڭلىق ئوغرى بولۇپ، چەرچەنگە يۆرۈش قىلغان قوشۇن تەركىبىدە چەرچەنگە چىققانىكەن. چەرچەنگە چىققاندىن كېيىن يەنە ئوغرىلىق قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن، كامال داموللام ئۇنىڭغا قىلچە رەھىم قىلماي، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىسى بويىچە ئابلا لىتىپنىڭ بىر قولىنى كەستۈرۈۋەتكەن. بۇ تەدبىر ھەممىگە ئىبرەت بولۇپلا قالماي، قوزغىلاڭچى قوشۇننى چەرچەن، چارقىلىق خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە قىلغانىدى. خوتەن ھۆكۈمىتىمۇ كامال داموللامنىڭ ئادىل، كەسكىن، تەدبىرلىك ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ «كامال ھەزرىتىم» دەپ نام بەرگەن.

كېرىيە ھۆكۈمىتى خوتەن مەلىك ھەزرەتنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، يەكەنگە ئەسكەر ماڭغۇزۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئېلىشقا كىرىشتى. ئەسكەر ئېلىشتا بايلارغا بىردىن بالىسىنى ئەسكەرلىككە بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. لېكىن بايلار كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئەسكەرلىككە بېرىش بىلەن قۇتۇلدى، ھۆكۈمەت تەرەپمۇ بۇنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەگلىمىدى. شۇنداق قىلىپ كېرىيەدىن 350 ئەتراپىدىكى ئەسكىرىي قوشۇن يەكەنگە ماڭغۇزۇلدى. ئەسكەرلەرنىڭ 200 نەپىرى ئابدىخەبەر ھاجىنىڭ، 150 نەپىرى مەمتىمىن باينىڭ باشچىلىقىدا يولغا چىقتى. ئۇلار قارىقاشىنىڭ زاۋا، قاغىلىق، يېڭىسارلاردا ئۇرۇش قىلىپ، ئەسكىرىي چىقىمنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تەدرىجىي يېڭىلىپ قايتىپ كەلگەنىدى. شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قارىقاشىنىڭ زاۋادىكى ئۇرۇشتا كېرىيەنىڭ جاي (يەر نامى) دىن بارغان ئابدۇللا ھاجىم بىر ئاكوپقا كىرىۋېلىپ 60 پاي ئوق ئېتىپ 59 تۇڭگاننى ئۆلتۈرگەن. جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان

ئىشلىرى پۈتكەندىن كېيىن كامال داموللام چەرچەن، چارقىلىقتا ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، ئۇ يەرنى پەتھى قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلقتىن ئارىيەت ئالغان ئاتلارنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى، ھەتتا تايلىغان ئاتلارنى تېپىپ بىلەن قايتۇردى. مۇشۇ ئىش قوزغىلاڭچىلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئوبرازىنى ياخشىلاپ ئامىنىڭ بىردەك ھىمايىسىگە ئېرىشكەندى. لېكىن بايلار بۇنىڭ ئەكسىچە پوزىتسىيە تۇتتى. قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمەتتى بايلاردىن ئىككى - ئۈچ مىسقالدىن ئالتۇن ئىئانە قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بايلار نارازى بولۇپ ھەسرەت چېكىشتى.

چەرچەنگە يۈرۈش قىلىدىغان قىسىملارغا كامال داموللام ئۆزى قوماندان بولدى. تەخمىنەن 350 ـ 400 ئەتراپىدىكى ئاتلىق قوشۇن داغدۇغىلىق ئۇزىتىش ساداسى ئىچىدە چەرچەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇچاغدا چەرچەن كېرىيەگە قارايتتى. ئۇلار چەرچەننى ئوڭۇشلۇق ۋە تىنچلىق بىلەن ئىشغال قىلىپ قايتىپ كەلدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن «چارقىلىقتىن تۇردى يىگجاڭ چەرچەنگە ھۇجۇم قىلىدىكەن» دېگەن خەۋەر تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن كامال داموللام ئىككىنچى قېتىم قوشۇن تارتىپ چەرچەنگە ماڭدى. بۇ قېتىم ماڭغاندا ئىككى داپونى ئاتقا سۆرىتىپ ئېلىپ ماڭدى. لېكىن مەيلى چەرچەن ياكى چارقىلىقتا بولسۇن جەڭ بولمىدى. تىنچلىق بىلەن چەرچەن - چارقىلىق ئۇرۇشى ئاياغلاشتى. لېكىن كېرىيە بىلەن چەرچەن - چارقىلىق ئارىلىقىدىكى يول ئۇزۇن ۋە قۇم چۆللەر بىپايان بولغاچقا، دائىم كېرىيەدىن ئەسكەر يۆتكەپ مۇداپىئە كۆرۈش بەكمۇ جاپالىق ۋە قولايسىز ئىدى. شۇڭا خوتەن ھۆكۈمىتى چەرچەنگە ئايرىم ۋالى قويۇشنى قارار قىلىپ، مەسۇم ھاجىنى (خوتەنلىك، توغراق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى) ۋالىي قىلىپ بەلگىلىدى. چارقىلىقنى چەرچەنگە تەۋە قىلىپ بەردى.

قويۇشى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلدى. خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن ھەزرەت ئامالسىز خوتەننى تاشلاپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. خوتەن ما خوسەن باندىتلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالدى. تۇڭگانلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ زاۋادىكى قارشىلىقىنى يىمىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن توختاۋسىز شەرققە يۈرۈش قىلىپ، 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايلاردا كېرىيە ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى. تۇڭگانلارغا ھېچقانداق قارشىلىق بولمىدى. لېكىن زاۋادا تۇڭگانلار بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا، كېرىيە ھۆكۈمىتى ناھىيىمىزدىكى تۇڭگانلارنىڭ ئىچىدىن ماسلىشىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنى قامال قىلدى. تۇرسۇن تۇڭگان، يۇنۇس تۇڭگان قاتارلىقلارنى يامۇلغا ئېلىپ كىرىپ تۇتۇپ تۇردى.

قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئابدىخەبەر ھاجى، سوپى بەگ قاتارلىقلار «بىز خوتەنگە تەۋە بولماي ما بۇفاڭغا تەۋە بولىمىز» دەپ كېرىمئاخۇن شىغىنى مابۇفاڭنىڭ يېنىغا ماڭدۇرۇپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي كېرىيەگە تۆت نەپەر تۇڭگان پەيدا بولدى. بۇ تۇڭگانلار ناھىيە بازىرى موغاللا كوچىسىدىكى ئېيسا دوغى بېگنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلى ئۇلار جا يۇيگۇەندىن بىر لىيەن ئادەم چىققان بولۇپ، «كۆنچى» دېگەن يەردە تۇردى يېڭىجاڭنىڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇڭگانلار مەغلۇپ بولۇپ، ئالتە ئادەم ساق قالغان. بۇنىڭدىن ئىككى كىشى يولدا ئۆلگەن بولۇپ تۆت كىشى كەلگەن (ئېھتىمال بۇلار كېرىيەدىن بارغان تەكلىپكە ئاساسەن ئەۋەتىلگەن بولسا كېرەك، لېكىن ئۇلار جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولۇشى مۇمكىن).

زاۋادىكى ئۇرۇش پارتلىغاندا، قوزغىلاڭچىلار بۇ تۆت نەپەر

تۇڭگانلارنىڭ 2 - بىردىگادىسىنىڭ باشلىقى ئەسكەرلىرىگە بۇ كىشىنى تىرىك تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئابدۇللا ھاجىم ئاخىرىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇڭگانلارنىڭ ئوقى تېگىپ قازا تاپقان. ئابدۇللا ھاجىمنىڭ مەرگەنلىكى، باتۇرلۇقى توغرىسىدىكى بۇ ۋەقە زاۋادىكى ئۇرۇشتىن ھايات قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەر ئارقىلىق ئۇزۇن ۋاقىتقىچە خەلق ئىچىدە قەھرىمانلىق داستانى بولۇپ سۆزلىنىپ كەلگەن.

## 7. قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە تۇڭگانلارنىڭ كېرىيەنى بېسىۋېلىشى

خوجا نىياز ھاجى بىلەن خوتەن، قەشقەر قوزغىلاڭچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق بۇزۇلۇپ، خوجا نىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشتى. ما جۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىستىبدات تۇڭگان ھاكىمىيىتى قۇرۇش خام خىيالىدا قەشقەر، خوتەننى ئىشغال قىلدى. بۇ قاچاق تۇڭگانلار ئىلگىرى ئۆزى بىلەن بىر سەپتە كۈرەش قىلغان خوتەن، قەشقەر قوزغىلاڭچىلىرىغا ئاسىيلىق قىلىپ ۋە تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. تۇڭگانلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك، ئىنتىزامى چىڭ، قورال ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغانلىقتىن، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، گۇما ۋە قارىقاشنىڭ زاۋادا بولغان ئۇرۇشلاردا خوتەن قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. تۇڭگانلارنىڭ كاتتىۋېشى ما جۇڭيىڭ ئىككى يۈزدەك شايكىسى بىلەن ئۇلۇغچات چېگرا ئېغىزى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتتى. ما خوسەن باشچىلىقىدىكى بىر دىۋىزىيە تۇڭگان قىسمى شېڭ شىسەينىڭ يول

تىرىك كۆمۈۋەتتى.

تۇڭگانلار مابۇفاڭغا خەت يازغان ئابدىخەبەر ھاجى بىلەن سوپى بەگنى تۇتۇپ كېلىپ خەتنى ئالدىغا قويىدى ۋە ساقلاپ قويغان 1000 سەر ئالتۇن بىلەن دەپئى دۇنيانى تاپشۇرۇشقا قىستىدى. ئۇلار مابۇفاڭغا خەت يېزىپ ئارانلا ئىككى ھەپتە پادشاھ ۋە ئوڭ قول ۋەزىر بولغان بولسىمۇ، كېيىن ھاكىمىيەتتىن چەتلەشتۈرۈلۈپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەنلىكى ئۈچۈن خەزىنىگە ئىگىدارچىلىق قىلالمىغاچقا ئالتۇننى تېپىپ بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىپ تۈرمىگە تاشلاپ ھەر كۈنى ئۇرۇپ، ئۇستىخانلىرىنى چېقىپ قىيىن - قىستاققا ئالغاچقا، ئۇلار چىدىيالماي 1000 سەر ئالتۇننى 500 سەردىن تۆلەشكە ۋەدە بېرىپ تۈرمىدىن چىقتى. ئۇلار بارلىق يەر، مال - مۈلۈكلىرىنى سېتىپمۇ ئۇنداق كۆپ ئالتۇننى تەييارلىيالمىدى. ئاخىر كېرىيە خەلقىگە «ئابدىخەبەر ھاجى ئالتۇنى»، «سوپى بەگ ئالتۇنى» دەپ ئالتۇن ئالۋىڭى قويىدى. تۇڭگانلار نېمە بولسا بولسۇن ئالتۇننى قولغا كەلتۈرۈش مۇھىم دەپ، ئىككى كىشى نامىدا زۇلۇم زەخمەت بىلەن خەلقتىن 1000 سەر ئالتۇن يىغىۋالدى. قەرزدارلىق بولسا ئۇ ئىككىسىنىڭ نامىغا يېزىلدى.

تۇڭگانلار كېرىيەنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن يەنىلا ئىمىن ئەلەم ئاخۇنۇمنى ۋالىيلىققا قويىدى. بۇ كىشىمۇ قۇرۇق جازا بولۇپ، ئەمەلىي ھوقۇق يۇرگۇزەلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇسۇپ بەگ شاما بىر يىل ئەتراپىدا، دۆلەت نىياز بەگ بىر يېرىم يىل ئەتراپىدا، نىزامىددىن داموللام ئالتە ئايچە، كېرىم شىغا 20 كۈن ئامبال بولۇپ تۇردى. تۇڭگانلار قوزغىلاڭدىن ئىلگىرىكى بەگ - دورغىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئىمىدىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆچ ئېلىشقا پۇرسەت

تۇڭگانىنىمۇ يامۇلغا ئەكىرىۋالغانىدى. بۇ چاغدا كېرىيەنىڭ خەزىنىچىسى تۇرسۇنىياز ھاجىم (خوتەنلىك) بولۇپ، تۇڭگانلارنىڭ خوتەنگە كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ خەزىنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ۋالى ھەزرىتىم بۇنىڭدىن بەك قورقۇپ كەتتى، چۈنكى تۇڭگانلار كېرىيەگە كەلسە، ئالدى بىلەن خەزىنىنى قولغا ئالاتتى. خەزىنىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بىلسە، ئۆزلىرىگىمۇ ياخشىلىق يوقلۇقىنى بىلەتتى. شۇڭا ۋالىي ھەزرىتىم (ئىمىن ئەلەم ئاخۇنۇم) يامۇلدا قامال قىلىنىۋاتقان ھېلىقى تۆت نەپەر تۇڭگانغا خەزىنىچىنى تۇتۇپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار خەزىنىچىنى تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن خەزىنە ساق قولغا چۈشكەچكە كېرىيەدە ئۇرۇش بولمىدى. دەسلەپتە 1934 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرى 30 ئاتلىق تۇڭگان كېلىپ كېرىيەنى ئۆتكۈزۈۋالدى. كېرىيەدىكى بارلىق تۇڭگانلارنى ئەسكەرلىككە ئالدى. ئارقىدىنلا تۇڭگانلارنىڭ جەدە ئاتلىق چوڭ قوشۇنى يېتىپ كەلدى. تۇڭگانلار كېرىيەگە مۇستەھكەم جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئابدىخەبەر ھاجى قاتارلىقلارنىڭ ما بۇفاڭغا يازغان خېتىنى كۆتۈرۈپ قويتى. خەتنى ئېلىپ بارغۇچى كېرىمئاخۇن كۆپ قېتىم تىجارەت بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغانلىقى ئۈچۈن خەنزۇ تىلىنى بىر قەدەر ئوبدان بىلەتتى ھەم يول بىلگەنلىكى ئۈچۈن بىخەتەر يوللار بىلەن تېز يېتىپ بارالايتتى. كېرىمئاخۇن گەنسۇغا بارغاندا ما بۇفاڭ بىلەن كۆرۈشەلمەي سۇڭ سىلىڭ دېگەن ھەربىي ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشۈپ خەتنى بېرىپ چوقۇم كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەنىكەن. كېرىمئاخۇننى تۇڭگانلار ئاخىرقى دەۋرىدە نىزامىددىن داموللا ھاجىمنىڭ ئورنىغا ھاكىملىققا قويدى. مىڭ ئەپسۇسكى، كېرىمئاخۇنغا ھاكىملىق ئاران 20 كۈن نېسىپ بولدى، تۇڭگانلار قاچتى. شېڭ شىسەي جاللاتلىرى كېرىمئاخۇننى

«بىز خوتەندە تۇرمايمىز، خوتەن، چەرچەن ئارقىلىق دۇڭخۇاڭ - گەنسۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەكچىمىز» دېدى. بۇنىڭ بىر ھىيلە ئىكەنلىكى ئۇچۇق بىلىنىپ تۇراتتى، تەجرىبىسىز، ئاق كۆڭۈل، ساددا خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقۇپ يېتىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشنى قارار قىلدى، باردىغان ئەلچىلەرنىڭ بىرى كېرىيەلىك قاسىم بەگ دېگەن ياش ئادەم ئىدى. ئۇ ئىلگىرى شۆتاڭدا ئوقۇغان بولۇپ، خەنزۇ تىلىغا پىششىق بولغاچقا ئەۋەتىلىدىغان ۋەكىللەرگە تىلماچ (تەرجىمان) قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «تۇڭگانلار بىز بىلەن ئۇرۇشمايدىكەن، چىگىنىغا ئۆتۈپ كېتىدىكەن» دەپ گەپ تارقاتتى. كېچە - كۈندۈز پۈتۈن يېتىپ، پۈتۈن قوپۇپ، ھېرىپ - چارچىغان قوزغىلاڭچىلار ئاكوپلاردىن چىقىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇش ۋە ئۆيلىرىگە قايتىش تەييارلىقىنى باشلىدى. مۇداپىئە سېپى ئاجىزلاپ قوماندان - جەڭچىلەر بىخۇتلاشتى. ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ تەخمىنەن ئۈچ - تۆت سائەتتىن كېيىن (پېشىن بىلەن) تۇڭگانلار شىددەت بىلەن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، بىخۇت ۋە بوشاڭ ھالەتتە تۇرغان قوزغىلاڭچىلار سېپىنى بىتچىت قىلىپ زاۋا مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. تۇڭگانلار خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن قاسىم بەگنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ يۇقىرى ئورۇن ۋە يۇقىرى مەرتىۋە بېرىپ ئۆزلىرىگە يانتاياق قىلدى. كېرىيەگە كەلگەن تۇڭگانلار قاسىم بەگنى ئالاھىدە ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ كەلدى. تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئات بىلەن كېدىيىپ كېلىۋاتقان قاسىم بەگنى كۆرگەن كېرىيە خەلقى ھەيران قالدى. قاسىم بەگ كېرىيەگە كەلگەندىن كېيىن بەكمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ، يۈزلۈكلىشىپ كەتتى. لېكىن خەلقلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «قاسىم

يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئاھالە ئارىسىدا ئۆچ - ئاداۋەت ۋە تەپرىقچىلىك ئەۋج ئالدى. بۇ ئەھۋال تۇڭگانلارنىڭ بۇلاپ - تالىشى ئۈچۈن كۆپ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى.

## 8. قاسىم بەگنىڭ خائىنلىقى

1934 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى.

1934 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ما جۇڭيىڭنىڭ ما خوسەن باشچىلىقىدىكى 8000 كىشىلىك قوشۇن شىڭ شىسەي ۋە رۇسلارنىڭ زەربىسىدىن قېچىپ خوتەنگە باستۇرۇپ كىردى. خوتەن ھۆكۈمىتى ما خوسەن ئەسكەرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قەتلىئام يۈرگۈزۈش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ، قارىقاشنىڭ زاۋۋا دېگەن يېرىدە ئالدىنقى سەپ ئىستىھكامى قۇرۇپ، تۇڭگانلارنى توسۇپ، خوتەنگە كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ناھىيىلەردىن ئەسكەر يۆتكەپ ئاساسىي قوشۇننى زاۋۋا ئالدىنقى سەپكە ئورۇنلاشتۇردى. جىددىي تۇتۇش قىلىپ ئاكوپ - ئىستىھكاملارنى ياسىدى، ناھىيىلەردىن تاغار يىغىپ (كېرىيەدىنمۇ 3000 تاغار ئەۋەتىلگەن) قۇم چىڭقاپ ئاكوپ ۋە مۇنار شەكىللىك پوتەيلەرنى ياساپ مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپى قۇردى. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ 36 - دىۋىزىيىسىدىكى ئۆچ لۈي ئەسكىرىي قىسمى يوپۇرغلۇپ زاۋۋانىڭ ئۇدۇلىغا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇلار زاۋۋا مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى كۆرۈپ، بىۋاستە ھەربىي ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. ما خوسەن زاۋۋا ئالدىنقى سېپىدىكى خوتەن تەرەپ قوماندانلىرىغا خەت كىرگۈزۈپ،

كېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كېلىدىغان كۈنى قارشى ئالغۇچى قوشۇن تەشكىللەپ «چەيزاڭ» (چاي تۇتۇپ قارشى ئېلىش ئورنى)[1] دېگەن يەرگە چىقىپ تۇرغانىدى. تۇڭگان ئەسكەرلىرى قارشى ئالغۇچىلارنى كۆرۈپ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى يۇدۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي مارشىنى ئوقۇپ مېڭىپ، ئوسمان ھاجىم قودايىنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتى. ئۇلار ناھىيىمىزنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا ئارىلاشماي ئەسكەرلىرىگە ھەربىي ماھارەت ئۆگىتىش، تۇڭگان ئادەملىرىنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىش (ئۇچاغلاردا ناھىيىمىزدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان يۇنۇس، ئايۇپ قاتارلىق بەش - ئالتىگە يېقىن تۇڭگان بار ئىدى. شۇ مەزگىللەردە نىيە، چەرچەن تەرەپتىنمۇ بىر نەچچە تۇڭگان كەلگەن بولۇپ، ھەممىسىنى — 12 نەپەردەك تۇڭگاننى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلغان)، ھەر تەرەپلىمە ئەھۋال ئىگىلەش ئىشلىرى بىلەن 20 كۈنگە يېقىن تۇرغاندىن كېيىن «ئورنىمىزغا 2 - لوي كېلىدۇ» دەپ قايتىپ كەتتى. تەخمىنەن 15 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تۇڭگانلاردىن بەش نەپەر كىشى مەلىك ھەزرىتىمنىڭ ئۈچ - تۆت نەپەر ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە كېلىپ لەڭزىنى ۋە بازار ئىچىدىكى بارلىق چوڭ سارايلارنى بوشىتىشقا مەجبۇر قىلىپ تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرالغۇسىنى تەييارلىدى. ھەتتا تۇرسۇنباي ھاجىم، توختاخۇن قورساق قاتارلىق بايلارمۇ بىر كېچە مۆھلەت ئىچىدە مەجبۇرىي كۆچۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى بوشىتىپ چىقىپ كەتتى. تەييارلىقنىڭ پۈتۈشىگە ئەگىشىپ جەدە ئاتلىق 2 - لوي ئەسكەرلىرى ئونغا بۆلۈنۈپ ھەيۋەت

---

[1] مېھماننى قارشى ئالىدىغان ئورۇن دېگەن مەنىدە. ھازىرقى ئورنىنى سۈرۈشتۈرۈش مەقسىتىدە.

قارا يۈز» ، «قاسىم ئىسمايىل» دەپ تىللايتتى (ئىسمايىل — قاسىم بەگنىڭ فامىلىسى بولماستىن، بەلكى ساتقىن ـ خائىنلارنىڭ تىپى بولۇپ، 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قوماندانى ئابدۇراخمان خان غوجىنىڭ بېقىۋالغان ئىنىسى ھەم مەھرىمى ئىدى. ئۇ خائىنلىق قىلىپ ئابدۇراخمان پاشانى قەتل قىلغان قاتىل ئىدى) . تۇڭگانلار قاچقاندىن كېيىن خەلقلەر قاسىم بەگنى ئاشكارا تىللاپ قارغاپ لەنەت ۋە نەپرەتلەر ئوقۇدى. قارا يۈز قاسىم بەگنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن زاۋا مۇداپىئەسى ۋەيران بولۇپ، نەچچە مىڭ كىشى تۇڭگانلارنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقى ئاستىدا ئۆلۈپ كەتتى. نۇرغۇن ئاياللار تۇل، باللار يېتىم قالدى. ئاتا ـ ئانىلار ھەسرەت ئوتىدا كۆيدى. خوتەن خەلقى ئۈچ يىل دوزاخ ئازابىدا قالدى. لېكىن بۇ خائىنمۇ ياخشى كۈن كۆرەلمەي خەلقىنىڭ قارغىشى ئىچىدە ئىتتىن خار بولۇپ ياش تۇرۇپلا ئۆلدى.

## 9. ما خوسەن باندىتلىرىنىڭ كېرىيە خەلقىگە سالغان زۇلۇملىرى توغرىسىدا

1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ زاۋا مۇداپىئە لىنىيىسىنى تۇڭگانلار ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تارمار قىلغاندىن كېيىن، تۇڭگانلارنىڭ خوتەننى ئىشغال قىلغان خەۋىرى ناھىيىمىزدە تارقىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ما خوسەننىڭ پەۋقۇلئاددە روتا قىسمىدىن بىر پەي (30 نەپەر) ئەسكىرىي كۈچى بىلەن بىر ئەمەلدارى ئاتلىق يېتىپ كەلگەندى. ئۇلارنىڭ شۇنچە مۇستەھكەم زاۋا مۇداپىئە لىنىيىسىنى پاچاقلاپ، كۆپ كۈچ چىقارمايلا خوتەننى ئىشغال قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان كېرىيە ھاكىمىيىتى ئۇلارغا تەڭ

سالىدىغان زۇلۇمنى سېلىشۇرگەچكە يېتىم قېلىپ ھەممەيلەن «يۈسۈپ بەگ كېرىيەدە تۇرسا بىز تۇرمايمىز» دەپ قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت ئۇنى ئاقسۇغا پالىغاندى. تۇڭگانلار خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن يۈسۈپ بەگ ما خوسەنگە يۈز نەچچە سەر ئالتۇن بېرىپ ئامباللىقنى سېتىۋالغانىكەن. ئۇ كونا ئەمەلدار بولغاچقا ھەم كېرىيەنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇش بولغاچقا تۇڭگانلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىۋالدى. ئالدى بىلەن سەجۇ قۇرۇپ سەككىز نەپەر تۇڭگان ئەسكىرى بىلەن سەككىز نەپەر يەرلىك دورغا، توپبېشىلارنى قويۇپ سامان پىچان ئالۋىڭى يىغىشقا باشلىدى. سامان پىچان ئورنىغا پۇل تاپشۇرسا ئولجا قىلىشتى. سامان پىچان تاپشۇرغانلارنىڭ ئوت پىچانلىرى تۈگىمىگۈچە ئالۋىڭى ئۈزۈلمىدى. دورغا، توپبېشىلار «ئالۋاڭنى ۋاقتىدا تۆلىمىدى» دېگەن باھانە بىلەن ھەر كۈنى سەجۇنىڭ ئالدىغا كوچا - مەھەللىلەرگە بىر نەچچىدىن ئادەمنى باغلاپ ئېپىپ قوياتتى. دورغىلارنىڭ ئىچىدە ياقۇپ تاز دېيىلىدىغان بىر دورغا بولۇپ، ئۇ بارغان يەرلىرىدە سەيسە تۆلىگۈچىلەردىن بىر نەچچە كىشىنى گەپ - سۆز قىلمايلا ئۇرۇپ باغلاپ ئېپىۋېتەتتى. ئۇ ئاشۇنداق رەھىمسىز، زالىم كىشى بولغاچقا «ياقۇپ ئامبال» دەپ ئاتالغانىدى.

ما خوسەننىڭ كېرىيەدىكى بىر لۇي ئەسكىرى ۋە 2000 دىن ئارتۇق ئاتنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشىكىدىن باشقا، ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچىكى ۋە ئاتلارنىڭ ئېگەر، يۈگەن جابدۇقلىرى ئۈچۈن خام ۋە چەكمەن ئالۋىڭى قويۇلدى. ئۇلار شۇ مەزگىللەردە كېرىيەدىن قانچىلىك پاختا مەھسۇلاتى چىقىدىغانلىقى، قانچىلىك توقۇمىچى (باپكار) بارلىقى بىلەن ھېسابلاشمىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئالۋاڭ تۈپەيلىدىن كېسەل بولۇپ

بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھەربىي تەلىم ئالغانلىقى ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈشى رەتلىك بولۇپ، ھەر بىر قوشۇن بىلەن ئىككىنچى بىر قوشۇننىڭ ئارىلىقىدا 200 مېتىر ئەتراپىدا ئارىلىق قالدۇرۇلغان. ھەر بىر قوشۇنىدا ئۈچ - تۆت ئەسكەر باشتاق قولى باغلانغان ھالدا ئېلىپ كېلىنىپ، بىر لوي ئەسكەر بىر كۈن ئىچىدىلا ناھىيىمىزگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولدى. ئىككى - ئۈچ سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، لەڭزىنىڭ كەينىدىكى كەڭرى مازارغا قولى باغلانغانلارنىڭ ھەممىسىنى مەجبۇرىي ئېلىپ چىقىپ، بىرنى قىلىچ بىلەن چاپتى، ئارىلاپ بىر نەچچە كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. قالغانلارنىڭ قولىنى يەشمەي مەجبۇرىي ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلار ئەسكەر بولۇشقا، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا نارازى بولۇپ قېچىپ تۇتۇلۇپ قالغاچقا ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىكەن. قاراپ تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈش كېرىيە خەلقى ئۈچۈن بىر يېڭى ئىش بولغاچقا، بۇنى كۆرگەن خەلق ئاممىسى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ بىئاراملىق ھېس قىلدى.

تۇڭگانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇشتىن قورقۇپ چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. تۇڭگان ئەمەلدارلىرى قارا قويۇق ھالدا يەرلىكلەرنى ھەر خىل يوللار بىلەن بۇلاپ - تالاشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە سادىق خىزمەت قىلىدىغانلاردىن ئامبال، دورغا، توپبېشى بەلگىلىدى. يۈسۈپ بەگ شاما ئۇلارغا يېقىندىن ماسلىشىپ خەلققە يەتكۈچە ئەسكىلىك قىلغان ئامبال ئىدى. تارىخ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ سەمىگە مەلۇم بولسۇنكى، يۈسۈپ بەگ شاما ئەسلى كېرىيەلىك بولۇپ، جىلڭ شۈرىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللەردە، كېرىيەنىڭ شائېيىسى بولغان. ئۇ، ئاچ كۆز، زالىم كىشى بولۇپ، باي - نامرات، ئالىم - نادان دەپ ئايرىماي ئالدىغاننى ئېلىپ،

قىلىدىغان بولساق، توققان ئەسكەرلىرى 8 ـ ليەن لەنجاڭنىڭ قىيناتىسى لوتەي دېگەن كىشى دوڭباغ دا① سەيدى ھاجىمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ لەڭزىدىن چىقىرىپ توققۇز ئات ساتقانىدى. ئەكەلگەن ئالتۇن جابدۇقلارغا ئىمىن ئاخۇن زەگەر ھۆكۈم قىلىپ راست ـ يالغىنىنى ئايرىپ بەرگەنىدى. بىر دانە جا زىرىنى جىلىق دەپ خاتا ھۆكۈم قىلىۋەتكەچكە، نورغۇن تاياق يەپ ئورنىغا خام ئالتۇن تۆلەپ قۇتۇلغانىدى. بۇنى بىز (ئىمىن روزى، ھاشىمئاخۇنۇم) ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن.

## 10. قوزغىلاڭنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى

1933 ـ 1934 ـ يىللىرى كىرىيەدە قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى 1931 ـ 1932 ـ يىللىرى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ئىستىبدات جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن غوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بىر تەركىبى قىسمىدۇر. ئۇ، تارىختىكى بارلىق خەلق قوزغىلاڭلىرىغا ئوخشاش زۇلۇمغا، ئېزىلىشكە قارشى، خەلقنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈك يولىدىكى بىر قېتىملىق قوزغىلىشتۇر. ئۇنىڭ تىغ ئۇچى باشتىن ـ ئاخىر مۇستەبىت چىرىك ھاكىمىيەتكە ۋە خىيانەتچى ـ پارىخور ئەمەلدارلارغا ۋە ئۇنىڭ مۇناپىق قولچوماقلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، قوزغىلاڭغا نەچچە ئون مىڭ كىشى ئۆزلۈكىدىن قاتناشقان ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا، ھىمايىسىگە ئىگە بولغان.

---

① مىھمانلىق ئىسمى

كەتكەن ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ ئاز بولمىغاچقا، خەلقنىڭ ئاھ ـ زارى كۆتۈرۈلۈپ:

ما خوسەن كىم؟ ـ بۇلاڭچى،
قولىدا قىلىچ ـ تاپانچى.
ئالۋاڭ قويۇپ خام ـ چەكمەن،
ئاتقا قىلدى ئاغامچى.
خام چەكمەننى بېرەلمەي،
بىر قانچە جان يوق بولدى.
«داد» دەپ بارساق سورىمايدۇ،
يۇسۇپ شاما پوداقچى.

دېگەن قوشاقلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىسكىن ھالىتىنى ئىپادىلىگەندى.

ما خوسەن باندىتلىرى ھەربىي ئاتلارنى تولۇقلاش باھانىسى بىلەن ئاممىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈش، دەپتى ـ دۇنيا يىغىۋېلىش نىيىتىدە يۇرتقا ئات ئالۋىڭى چېچىپ نۇرغۇن مال ـ دۇنيا يىغىۋالدى.

ئالۋاڭغا تۆلىنىدىغان ھەربىي ئاتلارنىڭ سۈپەت تەلىپى يۇقىرى، ئۆلچەملىك بولۇش تەلەپ قىلىناتتى. لېكىن ئۇنداق ئاتلار كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى خاس ئات ئېلىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئات ئالۋىڭى تۆلىگۈچىلەرگە تۇتقان ئەمەلدارلارنىڭ قولچوماقلىرى لەڭزىدىن ئات يېتىلەپ چىقىپ ئۆزى باھا قويۇپ سېتىپ بېرەتتى. كېلىشكەن باھاغا ئالتۇن ۋە ئالتۇن جابدۇق، زىلچە ـ گىلەم ئالاتتىكى، ھەرگىز پۇل ئالمايتتى. بىچارە خەلق يارامىلىق ئات تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن قانداق باھا قويسا ماقۇل بولماي ئىلاجى يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ سېتىۋالغان ئات شۇ كۈنىلا لەڭزىگە كىرىپ ئۆز ئوقۇرىنى تاپاتتى. ـــــال

ئايلاندۇرۇپ، ئاياللارنى ئۆز ئالدىغا تۇتۇپ كېلىپ كوشوكقا سېلىپ ئاستى. ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن كارى بولمىدى. مال ـ غەنىيمەتنى ھۆكۈمەتكە يىغمىز دەپ كىشىلەرنى خالىغانچە قىيىن ـ قىستاققا ئالدى. جىمى شۇرىن دەۋرىدە ھوقۇق تۇتقانلىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى گۇناھى بار ـ يوقلۇقىغا قارىمايلا ئىنتىزام، نازارەت ياكى دىكتاتۇرا ئاستىغا ئالدى. بىر مۇنچە كىشىلەرگە ناھەق ئازار بەردى. قوزغىلاڭنىڭ دەسلىپىدە بەزى يامان غەرەزلىك كىشىلەر قوزغىلاڭ ئۇچۇن قىلچە كۈچ چىقارماي، ئەكسىچە توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ «مال غەنىيمەت ئېلىش» بىلەن بولدى. بولۇپمۇ بەزى گۇناھسىز خەنزۇ ئاھالىلىرىمۇ بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىدى. قوزغىلاڭچىلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ئىشنىڭ خاتا بولغانلىقىنى تونۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئارقىلىق ئېلىنغان «مال غەنىيمەت» لەرنى يىغىۋېلىشنى ئېلىپ باردى. بۇ ئىشتىمۇ نۇرغۇن ئېغىشلار يۈز بېرىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغۇچىلار گۇناھسىز كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاپ، ئۇلارنى ئاساسسىز ھالدا قىيىن ـ قىستاققا ئالدى.

قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەزى كىشىلەر ئىسلام شوئارى ئاستىدا خەنزۇ خەلقىگە قارشى تۇرۇشتەك ئېغىر خاتالىق سادىر قىلدى. خەنزۇلارنى ئىمان ئېيتىشقا زورلىدى. ئەزگۈچى خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئېزىلگۈچى خەنزۇ ئەمگەكچى خەلق پەرقلەندۈرۈلمىدى. بۇ مەسىلە كامال داموللام كەلگەندىن كېيىن تۈزىتىلدى ۋە قايتا سادىر قىلىنمىدى.

ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىتتىپاقلىق ياخشى بولالمىدى. بولۇپمۇ خوتەندىن كەلگەنلەر بىلەن كېرىيەدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقى ياخشى بولمىدى. مەمۇرىي، ھەربىي ھوقۇقنى دېگۈدەك خوتەن،

قوزغىلاڭچىلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن زور كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ئىجرا قىلغان. جىڭ شۇرېن دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان چىرىك ھادىسىلەردىن قىمار ئويناش، نەشە، ئەپيۇن چېكىش، پاھىشىخانا ئېچىش ئىشلىرىنى مەنئى قىلغان. پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىكنى چەكلىگەن، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر ئالۋاڭ - سېلىقنى بىكار قىلغان.

قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمىتى جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلەشكەن ئەمەلدارلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلغان. خەلقنى ئېغىر قاقتى - سوقتى قىلغان خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى ۋە خەلقنىڭ غەزىپى زور بەگ، بوجاڭلارنى مۇۋاپىق جازالاپ خەلقنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرغان. لېكىن تارىختىكى بارلىق خەلق قوزغىلاڭلىرىغا ئوخشاش، ناھىيىمىزدە قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىمۇ قوزغىلىش ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىشلىرىدا ئېغىر سەۋەنلىك ۋە جىددىي خاتالىقلارغا يول قويدى. خەلقنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىدى.

قوزغىلاڭچىلار ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنىڭ دىنىي تۈسى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى بەزى دىنىي زىيالىيلار «ئىسلام ئاچىمىز»، «دۆلەتنى دىنىي قائىدە بىلەن ئىدارە قىلىمىز» دەپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن بارا - بارا خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالدى. قەبىھ بولغىنى شۇكى، بازار - رەستىلەردە ئاياللارنى خالىغانچە تۇتۇۋېلىپ كوشوكقا سولاپ ئېسىپ قويۇپ، ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشتەك ئەھۋاللار دائىم بولۇپ تۇردى. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بەزى ئەخمەق بىكارچىلار بۇ ئىشنى ئويۇنغا

# ئىسمايىلخان توغرىسىدا ئەسلىمە

ئابدۇكېرىم قاسىم

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ناھىيە ھاكىملىرى يۇقىرىدىن تەيىنلەش ئارقىلىق تۇرغۇزۇلاتتى. پەقەت ئىسمايىلخانلا سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن تۇنجى ھاكىم بولۇش سۈپىتىدە 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن تاكى ئازاد بولغانغا قەدەر كېرىيە ناھىيىسىگە ھاكىم، گومىنداڭ ناھىيىلىك پارتىيە بۆلۈمىنىڭ شۇجىسى بولغان. ئۇ، شۇ دەۋردىكى كېرىيەنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىدا تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولغان شەخس.

ئىسمايىلخان 1916 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى موغالىلا بازىرى ئاستىنئۆي كەنتىدە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك ۋاقتىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ باشلانغۇچ دىنىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان. توققۇز ياش ۋاقتىدا دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ پۈتۈن ئائىلە ئىشلىرى ئاكىسىنىڭ قولىغا قالغان. لېكىن ئاكىسى ئۆيلۈنگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كەتكەچكە، بۇ ئائىلىنىڭ مۈلكىي يەرلىرى تۈگەپ ۋەخپە يەرلىرىلا قالغان.

ئىسمايىلخان 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەپ تىرىكچىلىك قىلىش نىيىتىدە رەۋەندىچىلىك (كىراكەشلىك) قىلىپ نىيا، چەرچەن، چارقىلىق، كورلا ئارىلىقىدا بىرنەچچە نۆۋەت قاتنىغان. 1945 - يىلى يۇنۇسئاخۇن، ئىبراھىمئاخۇن، ئابدۇراخمان ئاقساقال، رەھىمجان قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ قاسساپلىق كارخانىسى قۇرۇپ تىجارەت قىلىش

قارىغاشتىن كەلگەن كىشىلەر ئىگىلىدى. يەرلىك خەلق ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرۈلۈپ نارازى قىلىندى. بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقىدىكى ھوقۇق تاما قىلىدىغان كىشىلەر بۇ ئىشتىن قاتتىق نارازى بولدى.

ئومۇمەن بۇ قېتىمقى خەلق قوزغىلىڭى 14 ئايدىن كۆپرەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ما خوسەن باندىتلىرىنىڭ باستۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، ما جۇڭيىڭ، ما خوسەن قاچاقلىرىمۇ دەسلەپتە شىنجاڭغا چىققاندا «ئىسلام» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ «بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان» دەپ چىققانىدى. لېكىن ئۇلار ئازراق مەنپەئەتنى كۆزلەپ خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارغا نىسبەتەن باشتىن ـ ئاخىر ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ئالا كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئاخىر خوتەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان جاللاتقا ئايلاندى.

ئەسكەرتىش:

ئەسلى ماتېرىيالنى ئابدۇقادىر تۇرسۇن، ئابلا تۇرسۇن قاتارلىق يولداشلار رەتلىگەن. مەتسىلىم مەتقاسىم، مەتنۇرى ئەھمەت، ئالىمجان قاتارلىق يولداشلار تەھرىرلەپ بېكىتتى.

ھاكىم بولۇپ قالدى دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، دادىسى مەتنىياز ھاجى ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئاتاق - ئابرۇيى مۇھىم رول ئوينىغان.

مەمەتنىياز ھاجى 1890 - يىللارنىڭ بېشىدا خوتەندىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسە»دە يولداش ئاخۇنلۇقۇم دېگەن كىشىدە ئوقۇپ، يۇقىرى دىنىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان. مەدرىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەخمىنەن 1895 - يىللاردىن 1925 - يىللىرىغىچە كېرىيەدە مەدرىسە ئېچىپ مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە نۇرغۇن يۇقىرى مەلۇماتلىق تالىپلارنى يېتىشتۈرگەن. بۇ تالىپلار 1940 ـ 1950 ـ يىللاردا ناھىيىمىزدە تونۇلغان مۆتىۋەر زاتلاردىن بولۇپ قالغان. مەمەتنىياز ھاجىم دىنىي ئىلىمدا كامىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن تالىپ يېتىشتۈرگەن، دىنىي ئېتىقادى چىڭ كىشى بولغاچقا، كېرىيەنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرى ئۇ كىشىنى بىر دەك ئېتىراپ قىلىشىپ «ئاخۇنلۇقۇم» دېگەن يۇقىرى دىنىي مەرتىۋىنى بەرگەن ۋە خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئاتاق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئۆز ۋاقتىدىكى سايلامدا كۆپ ساندىكى سايلىغۇچىلار «ئۇستازىمىزنىڭ ئوغلى ئىسمايىلخان ھاكىم بولسا، يۇرتىمىزنىڭ ئىشلىرى بەرىكەت تاپىدۇ» دەپ قارىغان.

ئىسمايىلخاننىڭ ھاكىم بولغان ۋاقتى گومىنداڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولۇپ، سىنىپىي كۈرەش ئىنتايىن ئۆتكۈرلەشكەن، جەمئىيەت كۈندىن - كۈنگە داۋالغۇۋاتقان، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىمۇ بۆلۈنۈش كۈچىيىۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئازادلىق ھارپىسىدىكى بۇ يېڭى بۇرۇلۇشنىڭ تەسىرى ئىسمايىلخاننىڭ ئىدىيىسىگىمۇ مەلۇم يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولسىمۇ جەمئىيەت مۇرەككەپ بولغاننىڭ ئۈستىگە، تەجرىبىسىز،

يولى بىلەن تۈرمۈش كەچۈرگەن.

1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى (دەل شىبىڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەن كۈنى) نىلقا ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ئۇلاستايدا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ بىرىنچى سىگنالى چېلىنىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلار 10 ـ ئايدا نىلقىنى، 11 ـ ئايدا ئىلى ۋىلايىتىنى، 1945 ـ يىلى كۈز پەسلىدە چۆچەك، ئالتاينى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قاراپ سۈرۈلۈپ، غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچىگە 140 كىلومېتىرلا كېلىدىغان ماناس دەرياسى كوۋرۈكىگە قىستاپ كەلدى. ھودۇققان گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى دەرھال جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئۈرۈمچىدە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە ئىمزا قويدى. «بىتىم» دىكى «ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى خەلقنىڭ دېموكراتىك ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق (سايلام ئارقىلىق) ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش» دېگەن ماددىنىڭ روھى بويىچە پۈتۈن شىنجاڭدا 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دېموكراتىك سايلام ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. مانا شۇ چاغدا كېرىيەدىكى مۆتىۋەرلەر ئىچىدە نامزات كۆرسىتىپ سايلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىسمايىلخان ھاكىم بولۇپ سايلانغان. مەن ئىسمايىلخاننىڭ شۇ دەۋردە كېرىيەگە ھاكىم بولۇپ سايلىنىشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە كۆپ ئىزدەندىم. ئۆز ۋاقتىدا ئىسمايىلخان كېرىيەدىكى يۇقىرى قاتلام بايلاردىن ئەمەس ياكى بىرەر ئەمەلگىمۇ ئىگە بولمىغان، ئازراق يەرلىرىنىڭ كىرىمىدىن باشقا، تىجارەتتىن كىرگەن كىرىمگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىم سەۋىيىسىمۇ تۆۋەن. شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق قانداق بولۇپ

ئىنقىلاش، دەرىجىسىنى بېكىتىش ئەترىتى تەشكىل قىلىپ، بارلىق تېرىلغۇ يەرلەرنى شەخسلەر بويىچە ئىنقىلاپ دەرىجىسىنى بېكىتىپ، غەللە ـ پاراق ۋە ھەر خىل سەيسىلەرنى يەر كۆلىمىگە ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، فېئودال بايلارنىڭ يەر بېجىنى ئوغرىلاش، نامراتلارغا ئىتتىرىشتەك قىلمىشلىرىنى ۋاقتىدا چەكلەپ، ئالۋاڭ ـ سەيسىلەرنى يەرگە قاراپ بېكىتكەن.

1947 ـ يىلى كۈزدە يۇقىرىدىن ئات ئالۋىنى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئاتلار كېرىيە لەڭزە (ئەسكەرلەر تۇرىدىغان جاي) ئارقىلىق خوتەندىكى گومىنداڭنىڭ 38 ـ تۈەنىگە تاپشۇرۇلاتتى. ئاتلار ھەربىي قىسمىدا ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، سۈپەت ئۆلچىمى يۇقىرى ئىدى. شۇ ۋاقىتتا كېرىيەنىڭ قۇمباغ كەنتىگە ئىككى ئات تەقسىم قىلىنغان. قۇمباغلىقلار يېرى ئۇنۇمسىز بولغاچقا، بەك نامرات، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سىدىق خۇيجاڭ (سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ خۇيجاڭى) نىڭ ئۇتاقچىلىرى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئاتنىڭ بىرىنى سىدىق خۇيجاڭ تۆلەشكە تېگىشلىك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن يۇرت ئاقساقاللىرى سىدىق خۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، سىدىق خۇيجاڭ مۇتتەھەملىك قىلىپ «سىنىڭ يۇرتۇڭغا كەلگەن ئالۋاڭنى نېمىشقا مەن تۆلەيدىكەنمەن، ماڭ يوقىلىش» دەپ ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن. قۇمباغلىقلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئاخىر ئىسمايىلخانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. ئىسمايىلخان سىدىق خۇيجاڭنى چاقىرتىپ «يەرنىڭ تولىسى سىلىنىڭ بولغاچقا ئاتنىڭ بىرىنى سىلى تۆلىسىلە» دېگەندە، سىدىق خۇيجاڭ بىشەملىك قىلىپ يامۇلدا قەستەن جېدەل چىقارماقچى بولغان. ئىسمايىلخان سىدىق خۇيجاڭنى نۆۋەتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئات ئالۋىڭغا قارشى چىقتى دەپ

يېتەرلىك تەربىيە كۆرمىگەن، مەدەنىيەت بىلىمى كەمچىل ئىسمايىلخانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى شۇ دەۋردە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلار كۆرۈۋېلىش سىياسەت، ئەمر - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىپ بىرمۇنچە يامان ئىش قىلمىدى دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. مەن بۇ ماقالەمدە ئىسمايىلخاننىڭ ئۇ جەھەتتىكى يامان ئىشلىرىنى شۇ بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ خەلققە، يۇرتقا يەتكۈزگەن بەزىبىر پايدىلىق ئىشلىرىنىلا ئەسلەپ ئۆتۈش ئارقىلىق، شۇ بىر مەزگىلدىكى كېرىيەنىڭ بەزىبىر تارىخىي كۆرۈنۈشلىرىنى يورۇتۇپ ئۆتمەكچىمەن.

ئىسمايىلخان سېمىز، ئوتتۇرا بوي، قىزىل يۈز، سېرىق ساقال، ئاۋازى ئىنچىكە چىقىدىغان ھەم ئالدىرىماي سۆزلەيدىغان، ئاسان تېرىكمەيدىغان، ئاچچىقى كەلسە كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەرگىز يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان خېلى پۇختا ئادەم ئىدى.

1947 - يىلى بېگى روزى بەگ تاغا ئىككىنچى رايوننىڭ بېگى باۋۇدۇن بەگلەر ئۆزلىرى خالىغانچە ئىش كۆرۈپ قانۇنسىز ھالدا ئالۋاڭ - سەيسە چېچىپ خەلقنى قاقشاتقان ۋە پومېشچىك بايلار بىلەن بىرلىشىپ خەلقنى بوزەك قىلغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئۇلار ئۈستىدىن ئىسمايىلخانغا ئەرز يېزىپ كىرگەندىن كېيىن، دەرھال تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئامىنىڭ ئەرزىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بۇلارنى بەگلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان. يەنە شۇ چاغدا، فېئودال پومېشچىكلار ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋاڭ - سەيسلىرىدىن قېچىپ، جازانىخور ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ، يەرلىرىنىڭ مو سانىنى يوشۇرغان ۋە دەرىجىلىرىنى تۆۋەنلەتكەن. ئىسمايىلخان بۇ ئەھۋاللارنى سەزگەندىن كېيىن 1948 - يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيە بويىچە يەرنىڭ كۆلىمىنى

مۇتىۋەرلىرىنىڭ تىلتۆپلىشى ئارقىلىق تۈرىدىن بوشاتقان. ئىسمايىلخان خېلى تەدبىرلىك كىشى بولغاچقا، ئۆزىگە ئورۇنسىز قارشى چىققۇچىلارغا ئەنە شۇنداق يول قويمايتتى ياكى مەلۇم تاكتىكىلارنى قوللىنىش ئارقىلىق زىددىيەتنى پەسەيتىشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى.

1946 ـ يىلى ھاكىم سايلاش ۋاقتىدا بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ ئەمەلپەرەس كىشىلەر ھاكىملىقنى تالىشىپ خېلى كۆپ ئاۋارە بولغان بولسىمۇ، بىرسى ـ بىرسىنى كۆرسىتىشنى خالىمىغان. ئىككىنچىدىن، بۇ قېتىمقى سايلامغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەن ھەم شۇ مەزگىلدىكى كىرىيەنىڭ ھاكىمى (ھاكىملىقنى ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچى) شېن لىجۇڭ بىرقەدەر ئىلغار ئىدىيە بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئاكتىپ ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن، ھاكىم بولۇش تەمەسىدە ھەرىكەت قىلغانلارنىڭ مۇددىئاسىمۇ ئەمەلگە ئاشمىغان. ئىسمايىلخان رەسمىي سايلىنىپ ھاكىملىققا ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ ئۇلار ھەسەت قىلىپ يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ، ئىسمايىلخاننى ئاغدۇرۇپ ئورنىغا ئۆزلىرى ئولتۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل ھەرىكەتلەردە بولغانىدى. ئىسمايىلخان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن زىددىيەتنى تەگشەش يۈزىسىدىن بۇ ئادەملەرنى ۋەزىپىگە قويدى. ئىمىن بەگ پاششىنى سەيىنخۇينىڭ يىجاڭلىقىغا كۆتۈرۈپ خوتەنگە يوللىدى. باۋۇدۇن بەگنى 2 ـ رايوننىڭ باش بەگلىكىگە، ئابلىز قوساقنى كىرىيە بازىرىنىڭ گەيجاڭلىقىغا كۆتۈردى. شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا پىتنىخور بايلارغىمۇ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئاز ـ تولا ئەمەل بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئەھۋالدا بىر قەدەر ياخشىلىنىش بولغان بولسىمۇ، ئىمىن بەگ پاششا قاتارلىقلار پۇرسەت تاپسىلا جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش ئۈچۈن، چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا دارىتمىلاپ، ئۇنىڭ

ئەيىبلەپ تۈرمىگە قامىۋەتكەن. سىدىق خوجاك تۆۋە قىلىپ ئاتنى تاپشۇرغاندىن كېيىن تۈرمىدىن بوشاتقان.

ئازادلىقتىن بۇرۇن شەنلى مەكتەپ (ناھىيە باشقۇرغان مەكتەپ) تىن باشقىلىرىنىڭ راسخوتىغا ھۆكۈمەت مەسئۇل بولماي، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولاتتى، ئوشرە - زاكات، ئىگىسىز قالغان دوروت ۋەخپىسى، مەسچىت ۋەخپىسىگە ئوخشاش يەرلەرنىڭ كىرىملىرىنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يىغىپ، ئۇنى ئوقۇتۇش خىراجىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىش ھەققىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى قىلغانىدى. شۇ چاغدا بوستانگدا ئەيساق ئاخۇنلۇقۇمنىڭ بىرقانچە ئون مو ۋەخپىسى بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ۋەخپىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ۋارىسلار تۇگەپ كېتىپ، بۇ ۋەخپىنى ئۇيۇشمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىكەن. كېيىنكى ۋاقىتتا جايلىق كېرىم ھاجى «بۇ ۋەخپىنىڭ قانۇنلۇق ئىگىسى مەن» دەپ يالغان ئىسپات چىقىرىپ ئىسمايىلخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ داۋالاشقان. ئىسمايىلخان كېرىم ھاجىغا كۆپ نەسىھەت قىلىپ ئۇيۇشمىدىن يەر تالاشماسلىقنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، كېرىم ھاجى نىيىتىدىن يانمايلا قالماستىن، بەلكى ئىسمايىلخانغا پارا بېرىپ ۋەخپىنى ئۆزىگە بۇيرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئىسمايىلخان يەنىلا نەسىھەت قىلىپ، پارىنى رەت قىلىش بىلەن بىرگە، يەرنى بۇيرۇپ بېرىشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، كېرىم ھاجى ئىسمايىلخانغا ھەيۋە قىلىپ تىلللىغان. شۇنىڭ بىلەن ئىسمايىلخان كېرىم ھاجىغا قاتتىق بىر تەستەك سالغانلىقى ئۈچۈن، چۇۋۇلۇپ كەتكەن سەللىسىنى يىغىشتۇرۇپ بولغۇچە يايىلار تۇتۇپ «ئەدەپ كالتىكى» گە بېسىپ ئۇرۇپ تۈرمىگە قاماپ قويغان. ئىككى ئايغا يېقىن تۈرمىدە يېتىپ خاتالىقىنى تونۇپ، قايتا - قايتا تىل خەت يېزىش ۋە يۇرت

چىققاندىن كېيىن، ئالتۇن ـ كۆمۈشلىرىنى ئېلىپ ئەرز قىلىش ئۈچۈن جيالىڭ جيېشىنى ئىزدەپ ماڭغاندا، ماشىنا ھادىسىگە ئۇچراپ ئىچكىرىدە ئۆلگەن.

ئىسمايىلخان ناھىيىمىزدە يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇشقا تۆھپە قوشقان. ئۇ، يۇقىرى قاتلام دىنىي ئائىلىدە چوڭ بولغان بولسىمۇ، مۇتەئەسسىپ كۆچلەرنى يامان كۆرەتتى. يۇقىرى تەبىقىدىكى بايلار بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى قويۇق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قويۇق مۇناسىۋەتلىشىدىغان كىشىلىرى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچىلار، سەنئەتكارلار، شەھەر بۇرژۇئازىيىسى ۋەكىللىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇمۇشلۇق زاتلار بولۇپ، ئاساسلىقى يۈسۈپ زىيائىي، مەمتىمىن ئوسمان، ئوسمان مەتتوختى، ئىمىن روزى، ئابدۇللا ئاخۇن قوچاق، قاسىمباي قازان، ئىبراھىم شاڭخادەن، سۇلايمان ھاجى، مۇھەممەت ئاقساقال، ئايروپىلان غوجا، مەھەممەتنىياز غوجا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئازادلىق ھارپىسىدىكى يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئوبيېكتى كىرىيە كەمبەغەللىرىنىڭ بالىلىرى بولۇپ، يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بالىلىرىنى يېڭى مەكتەپلەرگە بەرمەيتتى. ئۇلار «پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان بالىلار دىنسىز بولۇپ كېتىدۇ» دەپ قاراپ، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. ھەر يەسلىدە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ بالىلىرىنى تولۇقلاشتا، ھەرقايسى مەھەللىلەرگە بالا ئالۇنگى كېلەتتى. بۇ ئالۇاڭ بوجاڭ، جاجاڭلار تەرىپىدىن كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىغا چېچىلىپ، مەجبۇرىي تۇتۇپ كېتىلەتتى. بۇ، شۇ چاغلاردىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى دەرسكە تولۇق قاتناشتۇرۇشنىڭ بىر خىل چارىسى ئىدى. ئىسمايىلخان ھاكىم بولغاندىن كېيىن، ئالدى

ئىناۋىتىنى تۆككەن. مىسال ئۈچۈن ئېيتقاندا، 1947 - يىلى 1 - ئايدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى تاشتۆمۈر نايىپىنىڭ ئۆيىدىكى چاي زىياپىتىدە ئىمىن بەگ پاششا ئابدۇللائاخۇن قوچاق (شۇ ۋاقىتلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن سودىگەر بولۇپ، ئىسمايىلخان بىلەن يېقىن ئۆتەتتى) بىلەن قىزىرىشىپ قېلىپ، سېنىڭ ھىمايىتىڭنى (ئىسمايىلخاننى دېمەكچى) ئۇنداق قىلاي، مۇنداق قىلاي، دەپ تىللىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ گەپ ئىسمايىلخانغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئىسمايىلخان ئىمىن بەگ پاششىنىڭ ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ «زېرىككەننى تۇزۇش» نامى بىلەن قىمار ئوينايدىغانلىقىنى بايقاپ، گۇڭئەنجۇينىڭ باشلىقى مەتسەيدى بەگنى چاقىرتىپ نەق مەيداندا تۇتۇشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھېيتگاھتىكى بىر ئۆيدە قىمار سورۇنى تۈزگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان مەتسەيدى بەگ ساقچىلارنى باشلاپ بېرىپ ئۆينى قورشاپ قىمارۋازلارنى تۇتقان بولسىمۇ ئىمىن بەگ پاششا قېچىپ كېتىدۇ. لېكىن ساقچىلار ئىز قوغلاپ بېرىپ، ئاستىنەئۆي مەھەللىسىدىن① تۇتۇۋالغاندىن كېيىن مەجبۇرىي ئېلىپ چىقىدۇ. يۈزى كېتىشتىن قورققان ئىمىن بەگ پاششا ساقچىلارغا يالۋۇرۇپ «ئىككى سەر ئالتۇننى نەق بېرەي، مېنى قويۇۋېتىڭلار» دېگەن بولسىمۇ، بۇيرۇق قەتئىي بولغانلىقى ئۈچۈن قويۇۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماي شۇ كېچىسى تۈرمىگە قامىغان. تۈرمىدە ئىمىن بەگ ئۆزىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى يېزىپ تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئىسمايىلخان ئۇنىڭ ئىقرارنامىسىنى ۋە ئۇنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش دوكلاتىنى خوتەنگە يوللاپ، ئەستىقلىتىپ ئەلىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىمىن بەگ تۈرمىدىن

① ئاستىنەئۆي مەھەللىسى كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا.

ئىشلىتىشنى، ھەرقايسى كەنت - مەھەللىلەردىن يېتەرلىك ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىپ مەكتەپلەرنى يېڭىلاش ۋە سېلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسمايىلخاننىڭ بۇ تەدبىرلىرىنى تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك دەپ ئاتاش ئورۇنسىز بولمىسا كېرەك.

ئىسمايىلخان ھاكىم بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە كېرىيە بازىرى ۋە يېزىلاردا جەمئىي 29 مەكتەپ بولغان. بولسا، ئىسمايىلخان موغالىلا مەكتەپ، كۆكمەت مەكتەپ، قاراتوغان مەكتەپ، قارىقومۇش مەكتەپ قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق مەكتەپ سالدۇرۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى 40 تىن ئاشۇرغان. مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچى 16 مىڭدىن ئاشقان.

ئىسمايىلخان ھاكىم بولغان مەزگىللەردە 4 - ئاپرېل بالىلار بايرىمى كۈنى بولۇپ، ئارال يېزىسىنىڭ شامالۋاغ كەنتىدە مەخسۇس بالىلار پائالىيەت كۆرسىتىش مەيدانى قۇرغان. ھەر يىلى بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە، تولۇق بىر ھەپتە ۋاقىتنى ئاجرىتىپ، بارلىق يۇرت كاتتىلىرىنى باشلاپ بېرىپ، بايرام پائالىيىتى تۈگىگىچە رىياسەتچىلىك قىلىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن مەكتەپلەرگە ۋە بالىلارغا يۇقىرى قىممەتلىك ماددىي مۇكاپاتلارنى بېرىپ بالىلارغا ئىلھام بەرگەن.

1945 - يىللاردىن باشلاپ خىزمەت مۇناسىۋىتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەر بىلەن بىر قىسىم خەنزۇ پۇقرالار كېرىيەگە كېلىشكە باشلىغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىچكىرىدە قۇرۇلغان «خۇڭباڭ»، «چىڭباڭ» تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، كېرىيەدە تۇرغان مەزگىللەردىمۇ مەخپىي ھالدا ئەزا تەرەققىي قىلدۇرغانىدى. 1949 - يىلىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ئۇلار ھاكىمىيەت ئالمىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ناھىيىمىزنىڭ

بىلەن ئۆزىنىڭ مەكتەپ يېشىغا توشقان بىر ئوغلى بىلەن بىر قىزىنى ئۆز قولى ئارقىلىق مەكتەپكە ئەكىلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بايلار ۋە يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ كونا كۆزقارىشى بۇزۇپ تاشلىنىپ، جەمئىيەتتە يېڭى مائارىپنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئىسمايىلخان خوتەن، قەشقەرلەرگە يىغىنغا بارغانلىرىدىمۇ، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلىشىپ، يۇرتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرۇشنىڭ ۋە ئۇنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىرقەدەر چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇ سەۋەبتىن مائارىپنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇپ، مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئوقۇتۇش تۈزۈملىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش ئەھۋالى قاتارلىق ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىپ ئىگىلەپ تۇرغان. يېزىنىڭ بەگلىرىنى يىغىپ ئوقۇش يېشىغا توشقان بارلىق بالىلارنى بوجاڭ، جاجاڭلار ئارقىلىق مەجبۇرىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بوشاڭلىق قىلغانلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان.

ئىسمايىلخان مائارىپ، مەدەنىيەت خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرۈشنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويۇپ، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، سىدىق خۇيجاڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، مەتنۇرى مەتروزى، ئابدۇللا قادىر، ئوسمان مەتتوختىلارنى ئۆزى بىۋاسىتە ئۇيۇشمىنىڭ مەدەنىيەت مۇدىرلىقىغا بېكىتىپ، مەكتەپلەر خىزمىتىنى، مەدەنىيەت ۋە سانايى نەپىسە خىزمىتىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قىسىم كونا مەكتەپلەرنى قايتا يېڭىلاشنى تەشەببۇس قىلىپ، قايتا سېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. لېكىن ناھىيىنىڭ مالىيە كۈچى بۇ چىقىمنى كۆتۈرۈپ كېتەلمىگەچكە، ۋەخپە يەرلەردىكى دەل - دەرەخلەر ۋە مازارلاردىكى توغراقلارنى كېسىپ

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى ئارقا - ئارقىدىن ئازاد بولۇۋاتقان، ئازادلىق ئارمىيە ئۇرۇمچىگە يېتىپ كېلىۋاتقان مەزگىلدە، ھەرقايسى جايلاردىكى گومىنداڭ ھاكىملىرى ۋە باشقا بىر قىسىم ئەمەلدارلىرى ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ، چەتكە قېچىش تەييارلىقلىرىنى قىلىشقا باشلىغاندى ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالۋاڭ - سېلىق، ئالتۇن - كۈمۈش يىغىش كويىغا چۈشتى. لېكىن ئىسمايىلخان ئۇنداق قىلمىدى. خوتەننىڭ دوتىيى خادۇمباڭ كېتىش ئالدىدا ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ئالتۇن - كۈمۈش ئالۋاڭ قويغاندى. بارا - بارا ئالۋاڭنىڭ تولىلىقىدىن كېرىيەنىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالغان. يەنە بىر ئەمەلدار كېتىش ئۈچۈن ناھىيىگە تۆت سەر ئالتۇن ئالۋىڭى ئۇقتۇرۇلغاندا، ئىسمايىلخان يۇرتىنىڭ سېلىقىنى كۆپەيتمەي خالىماي ئۆز مال - مۈلكىدىن چىقىم قىلىپ تۆلىتىۋەتكەن.

1949 - يىلى نىيا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇباقى بىرنەچچە قېتىم ئىسمايىلخانغا خەت يېزىپ قورقۇنچ ئىچىدە نېمە قىلىش لازىملىقى ھەققىدە مەسلىھەت سورىغان. يەنە ئاستىنىئۆي كەنتىدىكى پاسار بەگ (ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى) ئىسمايىلخانغا بىرنەچچە قېتىم «جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قېچىپ كېتىش» توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان. لېكىن ئىسمايىلخان «ئاللانىڭ ھۆكمىگە بويسۇنماي بولمايدۇ، يۇرتۇم نېمە بولسا مەنمۇ شۇ» دەپ بارلىق نەسىھەت، قۇترىتىشلارنى كەسكىن رەت قىلىپ، ئۆزى باش بولۇپ، يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان، كېرىيە چوڭ جامىنىڭ 3 - قېتىملىق چوڭ رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. دېمەك، ئازادلىق ئارمىيە كەلگەنگە قەدەر زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرقانداق بۇزغۇنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ كېرىيەنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد

ئاشلىق ئامبىرىنى بۇلاپ، قالغان قىسمىغا ئوت قويۇپ، كىرىيەگە چوڭ ئىقتىسادىي زىيان سېلىشنى پىلانلىغان. شۇ چاغدا 13 ئىسكىلاتتا لىقمۇ لىق ئاشلىق بار ئىدى. ئىسمايىلخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن مۇھاپىزەتنى كۈچەيتىپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئادەملەرنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرۈپ نەسىھەت قىلغان. ئۇلار يول پاخاللىشىپ قولىمىزدىكى پۇلغا ھېچ نەرسە كەلمەي بالىلىرىمىزنى باقالمىدۇق دېگەن، ئىسمايىلخان ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپلا قالماي، ساڭنىڭ ئېھتىيات ئامبىرىدىن بىر مەزگىل يەتكۈچە ئاشلىق بۆلۈپ بەرگەن ھەم يۇرتنىڭ بايلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا سېلىق سېلىپ، بەش - ئون سەر ئەتراپىدا ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ «چىڭباڭ»، «خۇڭباڭ» تەشكىلاتىغا بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇپ، ئاشلىقنى ساق - سالامەت ساقلاپ قېلىپ، ئازادلىق ئارمىيىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئىسمايىلخاننىڭ ئاشلىقنى ساقلاپ قالغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولغان. ئاشلىق مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئازادلىق يىللىرىدا ناھىيىمىزدە قەھەتچىلىك يۈز بەرمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشقا ماڭغان نەچچە مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنى ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار دەسلەپتە كېرىيەدىن شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلغان. شۇ ۋاقىتتا كېرىيە ساڭنىڭ ئاشلىقى ئارمىيىنى ئاشلىق بىلەن تولۇق تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى ئالدىنقى سەپكىمۇ داۋاملىق يەتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان.

ئىسمايىلخان ۋەتەننى ۋە خەلقنى سۆيەتتى. 1949 - يىللىرى

ئىشلىتىشنى، ھەرقايسى كەنت ـ مەھەللىلەردىن يېڭىەرلىك ئىمكانىيەتلىك كۆچى ئاجرىتىپ مەكتەپلەرنى يېڭىلاش ۋە سېلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسمايىلخاننىڭ بۇ تەدبىرلىرىنى تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك دەپ ئاتاش ئورۇنسىز بولمىسا كېرەك.

ئىسمايىلخان ھاكىم بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە كىرىيە بازىرى ۋە يېزىلاردا جەمئىي 29 مەكتەپ بولغان بولسا، ئىسمايىلخان موغاللا مەكتەپ، كۆكمەت مەكتەپ، قاراتوغان مەكتەپ، قارىقومۇش مەكتەپ قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق مەكتەپ سالدۇرۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى 40 تىن ئاشۇرغان. مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچى 16 مىڭدىن ئاشقان.

ئىسمايىلخان ھاكىم بولغان مەزگىللەردە 4 ـ ئاپرېل بالىلار بايرىمى كۈنى بولۇپ، ئارال يېزىسىنىڭ شامالۋاغ كەنتىدە مەخسۇس بالىلار پائالىيەت كۆرسىتىش مەيدانى قۇرغان. ھەر يىلى بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە، تولۇق بىر ھەپتە ۋاقىتنى ئاجرىتىپ، بارلىق يۇرت كاتتىلىرىنى باشلاپ بېرىپ، بايرام پائالىيىتى تۈگىگىچە رىياسەتچىلىك قىلىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن مەكتەپلەرگە ۋە بالىلارغا يۇقىرى قىممەتتىكى ماددىي مۇكاپاتلارنى بېرىپ بالىلارغا ئىلھام بەرگەن.

1945 ـ يىللاردىن باشلاپ خىزمەت مۇناسىۋىتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەر بىلەن بىر قىسىم خەنزۇ يۇقىرىلار كىرىيەگە كېلىشكە باشلىغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىچكىرىدە قۇرۇلغان «خۇڭباڭ»، «چىڭباڭ» تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، كىرىيەدە تۇرغان مەزگىللەردىمۇ مەخپىي ھالدا ئەزا تەرەققىي قىلدۇرغانىدى. 1949 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ئۇلار ھاكىمىيەت ئالمىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ناھىيىمىزنىڭ

بولۇشىغا تۆھپە قوشقان.

ئىسمايىلخان دۇنيانى دوست تۇتمىغان ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، شۇ دەۋردە كىبرىيەنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئولتۇرۇشلۇق ئۆيىنى بىر قۇر يېڭىلىغاندىن باشقا، بىرەر پارچە يايلاق، بىرەر تاش تۈگمەن، بىرەر مو يەر، بىرەر ئېغىز ئۆي چاغلىق مۈلۈكنى ئۆز مۈلكىگە قوشۇۋالمىغان. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشنى ئېنىقلاشتىمۇ، ئاتا - ئانىسىدىن قالغان يەر - زېمىن ۋە ئۆي - جايلىرىدىن باشقا، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ يىغىۋالغان ھارام مال - مۈلۈكتىن ھېچ نەرسە چىقمىغان.

ئىسمايىلخان ھاكىم بولغان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - جەمەتى ياكى يېقىن - يورۇق، ئەل- ئاغىنىلىرىنى بوجاڭ چاغلىق بىرەر ئەمەلگە ئىگە قىلمىغان. ئۇرۇق - جەمەتى ئىچىدىن پەقەت پاسار بەگ ئەمەل تۇتقان بولۇپ، ئۇمۇ ئىسمايىلخان ھاكىم بولۇشتىن بۇرۇن ئېرىشكەن دوغبەگ ئىدى. ئىسمايىلخان مەنسەپ تەمە قىلىدىغانلارنىڭ سوۋغا - سالىمىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمىغان.

ئىسمايىلخان كەمتەر، كىچىك پېئىل ئادەم بولۇپ، يېشى چوڭ، بىلىملىك مۆتىۋەرلەرنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز چاكىنىلىق ۋە ھۆرمەتسىزلىك قىلمايتتى. بوش ۋاقىت تاپسا سودىگەرلەرنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن ۋە بەزى خېرىدارلار بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇش ئادىتى بار ئىدى. ئۇزۇلدۇرمەي مېھماندارچىلىققا بېرىپ، قورساق بېقىشنى خالىمايتتى. ئۇ بىر قېتىم يۇرت چوڭلىرىنى چايغا تەكلىپ قىلغان باغاقچىنىڭ ئاغىزىغا «كەمىنە ئىنىلىرى ئىسمايىلخاندىن» دەپ يازغان. دېمەك، ئۇنىڭ شەخسىي پەزىلىتى ۋە ئەخلاقى ياخشى، كەمتەر، ئېغىر - بېسىق، لېكىن ئىشنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلاتتى.

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى ئارقا - ئارقىدىن ئازاد بولۇۋاتقان، ئازادلىق ئارمىيە ئۇرۇمچىگە يېقىنلىشىۋاتقان مەزگىلدە، ھەرقايسى جايلاردىكى گومىنداڭ ھاكىملىرى ۋە باشقا بىر قىسىم ئەمەلدارلىرى ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ، چەتكە قېچىش تەييارلىقلىرىنى قىلىشقا باشلىغانىدى ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالۋاڭ - سەيسىنى كۆچەيتىپ، ئالتۇن - كۈمۈش يىغىش كويىغا چۈشتى. لېكىن ئىسمايىلخان ئۇنداق قىلمىدى. خوتەننىڭ دوتىيى خادىمباڭ كېتىش ئالدىدا ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ئالتۇن - كۈمۈش ئالۋاڭ قويغانىدى. بارا - بارا ئالۋاڭنىڭ تولىلىقىدىن كېرىيەنىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالغان. يەنە بىر ئەمەلدار كېتىش ئۈچۈن ناھىيىگە تۆت سەر ئالتۇن ئالۋىڭى ئۇقتۇرۇلغاندا، ئىسمايىلخان يۇرتنىڭ سېلىقىنى كۆپەيتىشنى خالىماي ئۆز مال - مۈلكىدىن چىقىم قىلىپ تۆلىۋەتكەن.

1949 - يىلى نىيا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇباقى بىرنەچچە قېتىم ئىسمايىلخانغا خەت يېزىپ قورقۇنچ ئىچىدە نېمە قىلىش لازىملىقى ھەققىدە مەسلىھەت سورىغان. يەنە ئاستىنىئۈي كەنتىدىكى پاسار بەگ (ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى) ئىسمايىلخانغا بىرنەچچە قېتىم «جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قېچىپ كېتىش» توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان. لېكىن ئىسمايىلخان «ئاللانىڭ ھۆكمىگە بويسۇنماي بولمايدۇ، يۇرتۇم نېمە بولسا مەنمۇ شۇ» دەپ بارلىق نەسىھەت، قۇترىتىشلارنى كەسكىن رەت قىلىپ، ئۆزى باش بولۇپ، يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان، كېرىيە چوڭ جامىنىڭ 3 - قېتىملىق چوڭ رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. دېمەك، ئازادلىق ئارمىيە كەلگەنگە قەدەر زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرقانداق بۇزغۇنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ كېرىيەنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد

ئاشلىق ئامبىرىنى بۇلاپ، قالغان قىسمىغا ئوت قويۇپ، كېرىيەگە چوڭ ئىقتىسادىي زىيان سېلىشنى پىلانلىغان. شۇ چاغدا 13 ئىسكىلاتتا لىقمۇ لىق ئاشلىق بار ئىدى. ئىسمايىلخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن مۇھاپىزەتنى كۈچەيتىپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئادەملەرنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرۈپ نەسىھەت قىلغان. ئۇلار پۇل پاخاللىشىپ قولىمىزدىكى پۇلغا ھېچ نەرسە كەلمەي بالىلىرىمىزنى باقالمىدۇق دېگەن، ئىسمايىلخان ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپلا قالماي، ساڭنىڭ ئېھتىيات ئامبىرىدىن بىر مەزگىل يەتكۈچە ئاشلىق بۆلۈپ بەرگەن ھەم يۇرتىنىڭ بايلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا سېلىق سېلىپ، بەش - ئون سەر ئەتراپىدا ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ «چېكباڭ»، «خۇڭباڭ» تەشكىلاتىغا بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇپ، ئاشلىقنى ساق - سالامەت ساقلاپ قېلىپ، ئازادلىق ئارمىيىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئىسمايىلخاننىڭ ئاشلىقنى ساقلاپ قالغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولغان. ئاشلىق مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئازادلىق يىللىرىدا ناھىيىمىزدە قەھەتچىلىك يۈز بەرمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشقا ماڭغان نەچچە مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنى ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار دەسلەپتە كېرىيەدىن شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلغان. شۇ ۋاقىتتا كېرىيە ساڭنىڭ ئاشلىقى ئارمىيىنى ئاشلىق بىلەن تولۇق تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى ئالدىنقى سەپكىمۇ داۋاملىق يەتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان.

ئىسمايىلخان ۋەتەننى ۋە خەلقنى سۆيەتتى. 1949 - يىللىرى

## ئاخىرقى سۆز

ئىسمايىلخاننىڭ يۇقىرىقىدەك خىزمەت ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈشىگە ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۈرتكە بولغان. بىر قىسىم پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ، ھەرقايسى جايلارغا بارغاندا كۆرگەن، بىلگەن يېڭىلىقلىرى ۋە ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن بولغان سۆھبەتتىن ئالغان تەسىراتلىرى ئۈستىدە توختىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسمايىلخاننىڭ ئالدىدىكى ھاكىم شىن لىجۇڭ ئالدىنقى ھاكىملاردىن پەرقلىنىدىغان بىرقەدەر ئىلغار ئادەم بولۇپ، ئىسمايىلخاندا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. شىن لىجۇڭ ھاكىملىقىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىنمۇ، ئىسمايىلخان بىلەن ھەمكارلىشىپ ياخشى ئىشلىگەن. ئۇ، ئىسمايىلخانغا ئىقتىسادىي جەھەتتە پاك بولۇش، يۇرتنى، خەلقنى قوغداش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، پان ئىسلامىزمچىلارنىڭ بۆلۈنۈش ھەرىكىتىگە قاتناشماسلىق، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش توغرىسىدا كۆپ مەسلىھەت بەرگەنىكەن. ئىسمايىلخانمۇ شىن لىجۇڭنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولۇپ، ئۇ كېتىدىغان چاغدا دادىسىدىن مىراس قالغان بىر پارچە گىلەمنى يوللۇق تۇتۇش بىلەن خوتەنگىچە ئۇزىتىپ بارغان.

ئىسمايىلخان ئۈچ يىلغا يېقىن ھاكىم بولۇپ تۇرۇش مەزگىلىدە كېرىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىدا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، ۋەتەن، خەلققە پايدىلىق بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، يۇرتى ۋە يۇرتداشلىرىغا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قالدۇرغان.

بولۇشىغا تۆھپە قوشقان.

ئىسمايىلخان دۇنيانى دوست تۇتمىغان ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، شۇ دەۋردە كىبرىيەنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئولتۇرۇشلۇق ئۆيىنى بىر قۇر يېڭىلىغاندىن باشقا، بىرەر پارچە يايلاق، بىرەر تاش تۈگمەن، بىرەر مو يەر، بىرەر ئېغىز ئۆي چاغلىق مۈلۈكنى ئۆز مۈلكىگە قوشۇۋالمىغان. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشنى ئېنقلاشتىمۇ، ئاتا - ئانىسىدىن قالغان يەر - زېمىن ۋە ئۆي - جايلىرىدىن باشقا، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ يىغىۋالغان ھارام مال - مۈلۈكتىن ھېچ نەرسە چىقمىغان.

ئىسمايىلخان ھاكىم بولغان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - جەمەتى ياكى يېقىن - يورۇق، ئەل- ئاغىنىلىرىنى بوجاڭ چاغلىق بىرەر ئەمەلگە ئىگە قىلمىغان. ئۇرۇق - جەمەتى ئىچىدىن پەقەت پاسار بەگ ئەمەل تۇتقان بولۇپ، ئۇمۇ ئىسمايىلخان ھاكىم بولۇشتىن بۇرۇن ئېرىشكەن دوغبەگ ئىدى. ئىسمايىلخان مەنسەپ تەمە قىلىدىغانلارنىڭ سوۋغا - سالىمىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمىغان.

ئىسمايىلخان كەمتەر، كىچىك پېئىل ئادەم بولۇپ، يېشى چوڭ، بىلىملىك مۆتىۋەرلەرنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز چاكىنىلىق ۋە ھۆرمەتسىزلىك قىلمايتتى. بوش ۋاقىت تاپسا سودىگەرلەرنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن ۋە بەزى خىزمەتدارلار بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇش ئادىتى بار ئىدى. ئۇزۇلدۇرمەي مېھماندارچىلىققا بېرىپ، قورساق بېقىشنى خالىمايتتى. ئۇ بىر قېتىم يۇرت چوڭلىرىنى چايغا تەكلىپ قىلغان باغاقچىنىڭ ئاخىرىغا «كەمىنە ئىنىلىرى ئىسمايىلخاندىن» دەپ يازغان. دېمەك، ئۇنىڭ شەخسىي پەزىلىتى ۋە ئەخلاقى ياخشى، كەمتەر، ئېغىر - بېسىق، لېكىن ئىشنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلاتتى.

# شائىر زەھۇرى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا

يىللارنىڭ بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۇچقاندەك ئۆتۈشى بىلەن نۇرغۇن چوڭ ئىشلار ۋە ئادەملەر خۇددى چاقماق چېقىپ ئۆچكەندەك ئۇنتۇپ كېتىلىدۇ. لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى يېڭىلىنىپ، كىشىلەر قەلبىنى مەھلىيا قىلىپ سېغىندۇرىدىغان ئىشلار ۋە كىشىلەرمۇ بولىدۇ.

كېرىيەدە ئۆتكەن مەرھۇم شائىر مۇھەممەت قاسىمتۇردى زەھۇرى ـ كىشىلەر قەلبىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئەنە شۇنداق ئۆلمەس مەڭگۈ ئۆلمەس كىشىلەرنىڭ بىرىسىدۇر.

شائىر مۇھەممەت قاسىمتۇردى ئوغلى (زەھۇرى) 1901 ـ يىلى كېرىيە ناھىيە بازار ئىچى ھېيتگاھدا ئولتۇرۇشلۇق كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا ئۆز يۇرتىدىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. كېيىنرەك چىرا ناھىيىسىدىكى خۇناق مەدرىسىدە مەشھۇر دىنىي ئۆلىما ئابدۇراخمان قارىئاخۇنۇمدا يەنىمۇ ئىزدىنىپ ئوقۇپ، ئۆز بىلىمىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ناھايىتى كۆچلۈك ئىجتىھات بىلەن ئىلمىي تەھسىلگە مەشغۇل بولۇپ، تىل، تارىخ، ئەدەبىيات، تېبابەتچىلىك ئىلىملىرى بويىچە بىلىم ۋە ماھارەت ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتى خۇددى پارس تىلىدىكى ئۇستۇنلۇكىگە ئوخشاش يېگانە ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپلىق يېتىلگەن بىلىمى،

بۇ خاتىرىنى يېزىش داۋامىدا ئىسمايىلخاننىڭ دوستلىرى، خىزمەتداشلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان، بالا - چاقىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشتىم. بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىگىلىگەن خام ماتېرىياللارنى قايتا - قايتا تەتقىق قىلىش ۋە نەقلەشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىشەنچلىك بولغانلىرىنى بۇ ماقالەمنىڭ دەسمايىسى قىلدىم. سەۋىيەمنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبىدىن بەزى نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي، يولداشلارنىڭ تۈزىتىش پىكرى بېرىشىنى سورايمەن. ماڭا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن سەئدى ئىبراھىم، سەئدى ئەخمەت ھاجىم، ئىمىن روزى، مەمتىمىن ئوسمان، لۇ لۇنجى، تۆمۈر كېرەم، ھەسەنبەگلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن.



تىندۇرماقتىن باشقا ئىلاج يوق. ئاق كۆڭۈل شائىرىمىز 1981 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ يوقلۇق ئالىمىگە كەتتى.

شائىر زەھۇرى ھاياتقا ۋە ئىنسان قەلبىگە دانىشمەنلىك نەزىرى بىلەن پىكىر يۈرگۈزگۈچى مۇتەپەككۇر شائىر بولۇپ، پارس زەبانىغا كامىل، كۆپىنچە ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبىدا ئەشئار قىلىشقا ماھىر ئىدى. تىرىكچىلىك ئۈچۈن تېۋىپلىقنى كەسىپ قىلاتتى. ئىلمىي تەلەپ بىلەن مەشغۇل، جەمئىيەت ئەھۋالىغا غەمخور كىشى ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ئىنسان قەلبىنى ئەقىلگە ئۈندەيدىغان، ئىدراك ۋە تۇيغۇسىنى سۆيۈندۈرىدىغان، روھىي ئالەمگە نۇرلار تۆكىدىغان نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازغان. شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، تىلى راۋان بولۇپ، كىتابخانلارغا بەدىئىي زوق بەخش ئېتىدۇ. شائىر ئىنسان ئۈچۈن ياخشى خۇلق، مېھنەت، ھۈنەر - كەسىپ ھەم بىلىمنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلىپ:

ئەقرىباۋۇ ئاشنالەر قاشىدە تۇرغۇم كېلۇر،
ئاستانەسىدە تۇرۇپ خىزمەت ئادا قىلغۇم كېلۇر.

. . . .

گەر جان ئۈزسەم ئاندە كەلمەسدىن بۇرۇن غەمىم ئېغىر،
مۇندا تۆھپە توپلىسام ئاندە خۇشال بولغۇم كېلۇر.
ئى زەھۇرى تۆھپە توپلاش ۋاقتى قولدىن كەتمىسۇن،
ۋاقتىنىڭ ئەۋزەللىكىن بىر - بىر بايان قىلغۇم كېلۇر.

**

بۇ جاھانغا كەلگەن ئادەم كەتمىگەندىن بارمىكىن،
دەرد - ئەلەمگە ئۇچرىماي راھەتتە ئۆتكەن بارمىكىن.
كەسىپ قىلماي ئەيش - ئىشرەت كەيپ سۈرۈشكە يوق ئىلاج،

دانىشمەنلەردەك تەپەككۇر ئىقتىدارى، مۆمىنلەردەك تەبىئىتى، كۆيۈمچانلىقى، سۆزدىكى خۇش پېئىللىقى ئاۋام ئارىسىدا تەرىپ بولۇپ، شائىرنى يۇرت ئىچىدە ئەزىز ۋە مۇكەررەم قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلق ئىچىدىكى خەلقچىل، ئادىل ئوبرازى بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى ئىلغار بولغان خەلقچىل تەشكىلاتلارغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلىپ، ئۇ جەمئىيەتلەرنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن ھەمدە ئۇ تەشكىلاتلارنىڭ تۈرتكىسىدە، ناھىيە تەۋەسىدىكى مەدەنىي ئاقارتىش، مەكتەپ ئېچىش، ئىلىم تارقىتىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە تەشكىلاتچىلىق قىلغان.

1947 - يىلى مەسئۇل دائىرىلەر تەرىپىدىن چۆچەكتە ئېچىلىدىغان «گومىنداخۇي» ۋەكىللىكىگە تەكلىپ قىلىنغاندا، ئاشكارا ئىپادە بىلدۈرۈپ، ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن ۋاز كېچىپ قاتنىشىشنى رەت قىلغان. گومىنداڭ دائىرىلىرى شائىرنىڭ ھەققانىي غۇرۇرىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، بوھتان ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئۇنى تۈرمىگە تاشلىغان. شائىرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى ئەنە شۇ تۈرمە ھاياتى مەزگىلىدە يېزىلغانىدى.

شائىرنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ يارامىلىق دەپ ھېسابلانغان چوڭ ئىككى دەپتەرلىك قولىيازما دىۋانى بار ئىدى. شائىر ئۇنى خۇددى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئەتىۋارلاپ، يامان كۆز، يامان قوللارنىڭ زەخمىسىدىن ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى كۈنلەردىكى سورۇقچىلىق ۋە ئۇچۇقدىلىش ئاپەتلىرىدە، جانغا كەلگەن ۋەھىمىنىڭ بەدىلىگە ئۇنى قولدىن بېرىپ قويدى. ھازىر ئۇ جاۋاھىراتلارنىڭ كۆيدۈرۈلۈپ يوق قىلىنغانلىقى ياكى تىلسىم بۇلۇڭلىرىدا پىنھان ياتقانلىقى مەلۇم ئەمەس. بىزگە ئەمدى «ئەپسۇس» دېگەن گەپ بىلەن كۆڭۈل

كەلگ كۆڭۈل، ئوچۇق چىراي، خۇمار كۆز، شېرىن زەبان،
بۇ پەزىلەت بار كىشىنىڭ دوستى كۆپتۇر ھەر زامان.
بىلىمدارلارغا ئىنسان بەلكى ھايۋان ھەممىسى تەسلىم،
بىلىمسىزلىك رەزالەتدۇر، رەزىللەر بارچىگە تەسلىم.

دەپ يازغان. يېتۇك شائىر زەھۇرىنىڭ تېپىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرى مەرھۇمنىڭ جىيەن ئوغلى ئابدۇغېنى ھاشىم، تارىخ تەتقىقاتچىسى ئابدۇقادىر تۇرسۇن قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئىرشچانلىقى، ئىزدىنىشى ھەمدە خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۇرۇپ تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە «باياز» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلۈپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

شائىر زەھۇرى ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق بىلىمى، ئەخلاقى، كۆيۈمچانلىقى بىلەن ئۆز دەۋرىدىن باشلاپ، ھازىرغىچە خەلق تەرىپىدىن نامى زىكرى قىلىنىپ كېلىۋاتقاچقا، بىز شائىرنىڭ «باياز» ناملىق توپلامغا بېسىلغان ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى ئاساس قىلىپ، تارىخىي ماتېرىياللار كىتابىمىزنىڭ «كىرىيەدە ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر» سەھىپىسىدە تونۇشتۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن خۇشال بولىمىز. شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ كېيىنكى تولۇقلىمىسى بۇ ھەقتە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ خالىس مېھنەتلىرى ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىققاي.

كىرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار ئىشخانىسى رەتلىگەن.

تۈنى - سەھەر ياشنى تۆكمەي ھەقكە يەتكەن بارمىكىن.
ئەھلى جان دۇنيادا سانسىز، لەيك ئادەم قەدىرلىك،
كەسىپ ھېكمەتسىز كىشى ئادەم سانالغان بارمىكىن.
ياخشى ئادەمدىن كىشى ئوقباغە قالدۇرسا ئەسەر،
نەپئىسىز ئۆلگەن كىشىنىڭ نامى قالغان بارمىكىن.
ئى زەھۇرى، سەن ئۆزۈڭ ئۆلسەڭمۇ نامىڭ ئۆلمىسۇن،
زادىئى ئوقباسى يوقلەر ئەجىر تاپقان بارمىكىن.

دەپ يازىدۇ. شائىرنىڭ جاھالەتلىك زامانغا بولغان كۆچلۈك نەپرىتى، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە ئۆچ ئېلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ چەرچەنگە بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىدىكى بۇ ئېغىر كۈنلەرنى، قىسمەتلەرنى جىيەن ئوغلى ئابدۇغېنىغا ئاتاپ يازغان تۆۋەندىكى غەزىلىدە بايان قىلىدۇ:

بالام ئابدۇغېنى، ئەمدى سېنىڭ يۇرتۇڭ خوتەن بولدى،
قارا بەختىم سەۋەب بولدى، ماڭا چەرچەن ۋەتەن بولدى.
سېنىڭ كۆڭلۈڭدە قاتتىق تاش، مېنىڭ كۆزۈمدە قانلىق ياش،
كېچە - كۈندۈز تۆكۈپ كۆپ ياش، يۈرەك، ئۆپكەم كۆتەن بولدى.
قەلەندەردەك پىغان يىغلاپ، بېلىمنى سەيلىدە باغلاپ،
بالام سەن قايدا دەپ يىغلاپ، ئاچار ئاغزىم خوتەن بولدى.
زەھۇرى نالەڭنى توختات، چىرايىڭ بولمىسۇن كۆك دات،
مۇرادىڭغا يېتەرسەن پات، زۆرۈرى جانۇ تەن بولدى.

شائىر زەھۇرىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىگە ئەتراپلىق نەزەر سالساق، ئىنسانىنىڭ ھامان ئەخلاق بىلەن بىلىم ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ ئارزۇ - مۇراتلىرىنى ۋىسالىغا يەتكۈزەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەلسەپۋى قانۇنىيەتنى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇ بىر غەزىلىدە:

بولۇپ كەلگەن. جۈملىدىن، بىز مەزكۇر كىتابقا بۇ پاجىئەنىڭ جەريانىنى كىرگۈزۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن بىر قىسىم تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، مەتقاسىم ئابدۇراخمانىنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرىنىڭ بىر قەدەر تولۇقلىنىشىنى ھېس قىلدۇق. شۇنداقتىمۇ باشقا قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە يېڭى ئۇچۇر ماتېرىياللار بىلەن شىرىپ بوجاڭ پاجىئەسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشىنى قارشى ئالىمىز.

* * *

تارىختىن ھېكايەت قىلغۇچىلار شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇكى، 1920 ـ يىللىرى ئون پۇلۇدا نۇرى ئىسىملىك بىر زات يۇرتقا بەگ ئىدى. ئۇ پېقىر ـ پۇقرا، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ھۆكۈمەت نامىدىن بۇ يۇرتنى ئەدلى ئادالەت بىلەن سوراپ، ئەلنى باياشات قىلىشقا تىرىشاتتى. شۇ ۋەجىدىن نۇرى بەگ ئون پۇلۇدا پۇقرالارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. ئەمما ھەر نەرسىنىڭ كۈشەندىسى بولغىنىدەك، نۇرى بەگكە ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ ماڭار يولىغا خۇپىيانە ئورا كولايدىغانلاردىن مۇھەممەت بۇقا، نىياز غاز، قايىم (بوجاڭ) دېگەنلەرمۇ بار ئىدى. سەيدى ھاجى نۇرى بەگنىڭ بەگلىك ئەمىلىنى قولغا ئېلىش نىيىتىدە نىياز غاز، قايىم (بوجاڭ)، مۇھەممەت بۇقىلار بىلەن بىرلىكتە بارغانلا يېرىدە يېتنە ـ پاسات ئۇرۇقىنى چېچىپ، سۇيىقەست پىلانلاپ پۇرسەت كۈتۈپ يۈرەتتى.

مۇشۇ مەزگىللەردە ئون پۇلۇنى چىرا يامۇلى باشقۇراتتى. ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك، چىرا يامۇلى 1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نۇرى بەگنىڭ شىرىپ ئىسىملىك ئوغلىنى مۇئاۋىن

# شىرىپ بوجاڭ پاجىئەسى توغرىسىدا

زۇلمەتلىك يىللاردا يوقسۇللارنىڭ غەمگۇزارى، ئادالەتنى ياقىلاپ ئەزگۈچىلەرگە قارشى تۇرغۇچى بولۇشتەك خىسلىتى بىلەن، قىسقا ئۆمرىدە ئۇنتۇلماس ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن شىرىپئاخۇن (شىرىپ بوجاڭ) 1920 - يىلى كىرىيە ناھىيىسىنىڭ ئاتچان يېزىسىغا قاراشلىق پۇلۇ كەنتىدە يوقىرى قاتلام ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلۇشى شۇ زاماندىكى يۇقىرى - تۆۋەن ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئادالەتسىزلىك ۋە زورلۇقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ بەئەينى «ئون پۇلۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ تاغلىق كەنتتە كۈچلۈك چاقناشقا ئۈلگۈرمەيلا سامادىن كېقىپ چۈشكەن ئاقار يۇلتۇزنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ نام - شەرىپى خەلق ئارىسىدا داستان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر قەلبىدىن - قەلبكە كۆچۈپ يۈرۈشنىڭ ئاساسى دەل مۇشۇ يەردە. بىز ئوقۇرمەنلىرىمىزنى شىرىپ بوجاڭ پاجىئەسىنىڭ ھەقىقىي جەريانى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش مەقسىتىدە، يازغۇچى مەتقاسىم ئابدۇراخمانىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىزلىنىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى، بىر قىسىم قوشاقلارنى بۇ تارىخىي ماتېرىياللىرىمىزغا كىرگۈزدۇق. بۇ يەردە بىز شىرىپ بوجاڭ ھەققىدىكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن يازغۇچى مەتقاسىم ئابدۇراخمانغا تەشەككۇر بىلدۈرىمىز. شۇنىمۇ قەيت قىلىش زۆرۈركى، شىرىپ بوجاڭ پاجىئەسىنىڭ جەريانى خېلىدىن بېرى بىر قىسىم قەلەم ئىگىلىرىنىڭ قىزىقىدىغان تېمىسى

شىرىپ بوجاڭدەك مەردانە،
قايسى يۇرتتىن تېپىلۇر.

نېنى يوققا نان بېرىپ،
مېلى يوققا مال بېرىپ.
شۆھرەت تاپقان شىرىپ بوجاڭ،
ئىشەنچ تاپقان شىرىپ بوجاڭ.
. . . . . .

بۇ ئىشلار ئۆتۈپ يەنە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن چىرا يامۇ
پۇلۇدىن چەرچەن ھاشىرىغا ئۇن ئادەم، ئۇن توپاق، ئ
بىلەن بىر بوجاڭ بىرگە ماڭسۇن» دېگەن مەزمۇندا يا
چۇشۇرىدۇ. ئەمما بۇ ھاشار سېلىقىدىمۇ، ئىنتايىن بېخىل
كۆز سەيدى ھاجى ۋە ئۇنىڭ ھەمتاۋاقلىرى «ھاشارغا يۇرتت
جونداقنى توپاقلىرى بىلەن يولغا سالايلى، ئون تۆگىنىا
بىر گەپ بولار» دەپ ئېغىرچىلىقنى يەنىلا نامراتلارغا ئ
تۇرۇۋالىدۇ. لېكىن شىرىپ بوجاڭ يۇرت چوڭلىر
كېڭىشىدە: «نامراتلارنىڭ توپاق، تۆگىلىرى تۇرماق، يېپ
بىلەن سېلىنچىسىمۇ يوق، ئۇزۇقىمۇ يېتىشمەيدۇ. بۇ يۇر
چوڭ باي بار، شۇڭا بۇ يەرنى «ئون پۇلۇ» دەپ ئاتايدۇ.
بارىدىغان ئون ئادەم، ئون توپاق، ئون تۆگىنى مۇشۇ
چىقىرىدۇ. بۇ ـ ئادالەتنىڭ ھۆكۈمى. بارىدىغان بوجاڭنىڭ
مانا مەن بار» دەپ جاكارلايدۇ. سەيدى ھاجىلار ئامالسىز
چۇشۇپ قېلىپ، دەماللىققا ھېچنەرسە دېيەلمەي، كۆڭل
ساقلاپ قالىدۇ. شىرىپ بوجاڭ بايلار چىقىرىپ بەرگەن
چارۋىلارنى ئېلىپ چەرچەن تەۋەلىكىدىكى قارامىرەنگە بېرد

بەگلىك ئەمىلىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ. بۇ ئىش بەگلە تەمەسىدە ئىچى ئۆرتىنىپ، بىتاقەتلىك تۈگمىنىدە ئېزىلىپ ئۇ بولۇۋاتقان سەيدى ھاجىغا قاتتىق ئەلەم قىلىدۇ.

شىرىپ بوجاڭ ئون پۇلۇدىكى مەكتەپ، مەدرىسىلەر بىرنەچچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، دادىسىغا ئوخشاش ئادالەتپ ياقلايدىغان، پۇقرالارنىڭ قايىشى ئىدى. ئۇ بەگلىككە تەيىنلەنگە يىلللىرى چىرا يامۇلى «ئامبال (سىپىلى) نىڭ تەۋەلىكىدىكى پۇقرالارغا مال - چارۋا بىجى، دېھقان بىجى تاپشۇرۇش، ئون پۈز تەۋەسىدىكىلەر تۇياق بىجى، دېھقان بىجى ھېسابىغا جەمئىي سەر ئالتۇن تاپشۇرۇش، بۇلارنى ھەر بىر ئائىلىنىڭ كۆكەرتكە يېرى بىلەن باققان چارۋىسىغا قاراپ يىغىۋېلىش» دېگەن مەزمۇند پەرمان چۈشۈرىدۇ. شۇنداق بولغاندا، يېرى، چارۋىسى كۆپ بولغان سەيدى ھاجى، مۇھەممەت بۇقا قاتارلىقلارغا سېلىق كۆپ چۈشەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار قۇۋلۇق - شۇملۇقنى يەنە بىر قېتىمە ئىشقا سالماقچى بولۇپ، نۇرى بەگ بىلەن شىرىپ بوجاڭغا: «ئوز پۇلۇغا تەقسىم بولغان ئالتۇن سېلىقىنى، پۇقرالارنى كاندا ئالتۇن كولاشقا سېلىپ، چىققان ئالتۇندىن تۆلىسەك» دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. لېكىن شىرىپ بوجاڭ قەتئىي ھالدا:

– يامۇل بۇ سېلىقنى ئېگىلىگەن يەر، چارۋا سانىغا قاراپ ئېلىشنى بەلگىلىگەن. ھەر كىم ئۆزىگە تېگىشلىكىنى تاپشۇرىدۇ،– دەپ رەت قىلىدۇ. بۇ ئىش پۇقرالار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر پەيد قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئون پۇلۇ پۇقرالىرى ئۇنىڭ ئادىللىقىغا، ساخاۋەتلىك ئىشلىرىغا يارىشا مۇنداق قوشاقلارنى توقۇپ ۋە راۋاپ بىلەن ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ:

چوڭ يامۇلىنىڭ دەرۋازىسى،
گاھ ئېچىلىپ، گاھ يېپىلۇر.

لىۋەن بۇ قىزغا شىرىپ بوجاڭنىڭ ئۆزاقتىن بېرى مەيلى بار ئىدى. ئىسلامخاننىڭمۇ ئۇنىڭغا مەيلى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئەر - خوتۇن بولۇش ئىستىكى كۈچلۈك ئىدى. بۇنى بىلگەن مەككار سەيدى ھاجىلار ئالدى بىلەن ئىسلامخاننىڭ ئاكىسى چورۇق ئاكىنى قورقۇتۇپ ھەم پۇل بىلەن ئالداپ، ئىسلامخاننىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا ئۇنى نىياز غازغا مەجبۇرىي نىكاھلاپ، ئالدىراش تويىنى قىلىدۇ. سەيدى ھاجىلار بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئۆزلىرى رازى بولمىغان بۇ ئەلەملىك تويدىن كېيىن ھامان بىر كۈنى كۆرۈشىدىغانلىقىنى پەملەپ، تەرەپ - تەرەپكە ماراشقا ئادەم قويىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك، مەلۇم بىر كۈنى شىرىپ بوجاڭ ئىسلامخاننىڭ مەخپىي كۆرۈشۈش ھەققىدىكى بىر ئىلىك خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا، ۋەدە قىلغان ئورۇنغا بارىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا نىياز غاز غېرىپ چېكەش قاتارلىق چوماقچىلارنى باشلاپ كېلىپ شىرىپ بوجاڭنى «خوتۇنۇم بىلەن زىنا قىلدى» دېگەن تۆھمەت بىلەن قاتتىق دۇمبالايدۇ. ئۇرۇشتىكى مەقسەت ئۇنى قەتل قىلىش بولغاچقا، تاكى ئۇنىڭ جېنى چىققۇچە ئۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئون پۇلۇنىڭ قاياشى، نۇرى بەگنىڭ گۆھىرى، نامراتلارنىڭ غەمگۇزارى - شىرىپ بوجاڭ 26 يېشىدا سۇيىقەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولىدۇ. ئون پۇلۇ خەلقى ماتەم، مۇسىبەت ئىچىدە قاتتىق ئازاب چېكىدۇ. سەيدى ھاجى قاتارلىق سۇيىقەستچى قاتىللارغا چەكسىز غەزەپ - نەپرەت ياغدۇرىدۇ. شىرىپ بوجاڭغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش سۇيىقەستچى زالىملارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىزھار قىلىپ، نۇرغۇنلىغان قوشاقلارنى ۋەقەلىك تەرتىپى بويىچە توقۇپ، ئەلەم بىلەن تولغان قەلبىنى بوشىتىشقا تىرىشىپ، سورۇن - مەشرەپلەردە بۇ قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ راۋاپ بىلەن ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ.

ياساش ھاشاسىنى تاماملاپ، ئىككى ئايدىن كېيىن بىللە ئاپارغان ئادەم ۋە چارۋىلارنى ساق - سالامەت قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ھاشارغا چىرا، كېرىيە، نىيە قاتارلىق يەرلەردىن نۇرغۇن پۇقرالار بارغان بولۇپ، ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن. قايتىش سەپىرىدىمۇ ئوزۇق - تۈلۈكلەر تۈگەپ كېتىپ، ئاچارچىلىق، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈكى چۆلدە قالغانىكەن. دېمەك، شىرىپ بوجاڭ خەلقپەرۋەر بولغانلىقتىن، خىلمۇخىل چارە - ئامالالارنى قىلىپ، ھاشارغا بارغان پۇقرارلارنى ساق - سالامەت قايتۇرۇپ كەلگەن. شىرىپ بوجاڭنىڭ خەلقنى ھمايە قىلىپ، يامان غەرەزلىك سەيدى ھاجىلار بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى توغرىسىدىكى مىساللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ خەلق ئارىسىدا كۆنسېرى يۇقىرى ئابرۇي قازانغان.

1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا چىرا ياملى شىرىپ بوجاڭنىڭ يۇرت سوراشتىكى جانپىدالىقى ۋە پۇقرالارنىڭ ئۇنى ھمايە قىلىپ ئەگىشىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئون پۇلۇنىڭ بەگلىكىگە (دادىسىنىڭ ئورنىغا) تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ. يامۇلدىن چىققان چېرىكلەر بۇ پەرماننى نۇرى بەگ بىلەن كۆرۈشمەيلا قايىم بوجاڭغا بېرىپ قويۇپ چىراغا قايتىدۇ. قايىم بوجاڭ ھايال بولمايلا بۇ خەۋەرنى سەيدى ھاجىغا يەتكۈزىدۇ. ئۇلار ھەممە ئۆلپەتلىرىنى يىغىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئادالەتسىزلىك دەپ قارىغان بۇ پەرمان ھەققىدە كېچە - كۈندۈز كېڭەش قىلىپ، ئاخىر پەرماننى ۋاقتىنچە يوشۇرۇپ قويۇپ، شىرىپ بوجاڭنى بىرەر «ئەپلىك چارە» بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى پىلانلايدۇ. . .

شىرىپ بوجاڭ كۆدەك چاغلىرىدا مەھەللىدە بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ئىسلامخان ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى. تولىمۇ

يامغۇر ساڭغان ئالۋاڭنى،
بايلارغىمۇ تەك چاچتى.
سەيدىھاجىلار چىدىماي،
بىر شۇملۇقنى پايلاشتى.

باشتىن كەلدى شىرىپ بوجاڭ،
ئاق بوز ئاتتا چېپىپ ئويناپ.
سەيدىھاجىنىڭ ياندائقلىرى،
تۇرار ئۇنى مەخپىي پايلاپ.

ئىزدەپ قاتىل كېچەشتى،
كۆڭلەر كەتتى، ئاي كەتتى.
سېتىۋالدى نىياز غاز،
قاڭسىق غېرىپ چېكەشنى.

ئاقتاشتا بۇغداي تېرىسا،
ئۇنۇپ چىقتى بۇدۇشقاق.
شىرىپجانغا قەست قىلغان،
مەمەت پۇكان ئۇرۇشقاق.

ئۇچىقىڭغا پاتامدۇ،
يارماي ساڭغان كۆتىچەك.
غېرىپ چېكەشنى قىچىرىپ قويغان،
قايىم بوجاڭ تېكىچەك.

ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ خەلق داستانىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ قوشاقلاردا ئۇرغۇنلىغان جەريان - تەپسىلاتلار ھەم خەلقىنىڭ كۆچلۈك مۇھەببەت - نەپرىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ماقالىمىزدە بۇ تەرەپلەرنى قايتا تەكرارلىماسلىق شەرتى بىلەن، بۇ قوشاقلاردىن بىر قىسمىنى تاللاپ ئۆز ئەينى بويىچە كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق:

شىرىپجان دېگەن ئوغلان،
نۇرى بەگنىڭ پاك ئوغلى.
ئۇن يۇلۇدا داڭقى بار،
تاغلىقلارنىڭ بۇلبۇلى.

ئون يۇلۇدا قىشمۇ ياز،
قارلار ئېرىپ كەتمەيدۇ.
ئون پۇلۇدا ھېچ يىگىت،
شىرىپجانغا يەتمەيدۇ.

يۇرت ئەھلىگە باش بولدى،
زالىملارغا تاش بولدى.
پەس كۆرمىدى نامراتنى،
نامراتقا ئاداش بولدى.

يۇرتنى ئادىل سوردى،
يولسىزلىقنى توردى.
تەلڭ قاردى ھەممىگە،
نۇشىرۋاننى دوردى.

ئۆلۈپ كەتتى شېرىپ بوجاڭ،
يېتىپ كەلدى بەگ بىلەن سوجاڭ.
خەۋەرگە ماڭدى مەمەت بوجاڭ،
چىرادىن چىقتى مايۈزى كوجاڭ.

چالۇڭ تاغدىن قوي ئېلىپ،
يوماس تاغقا يۈرەرمۇ؟
پۇلۇلۇقنى دېمىسە،
شېرىپ بوجاڭ ئۆلەرمۇ؟

شېرىپ بوجاڭ ئون پۇلۇدا،
يىگىتلەرنىڭ گۈلى ئىدى.
شېرىپ بوجاڭ بەگ بولغاندا،
غېرىبلارنى يۆلىدى.

ئەل يىغلىسا تەڭ يىغلاپ،
ئەل كۈلگەندە تەڭ كۈلدى.
ئاشۇ ئوبدان يىگىتنىڭ،
ئۆلۈشىنى كىم بىلدى؟

قۇربان ھېيت ناماز بولدى،
شېرىپ بوجاڭ ھېيىپ بولدى.
تاياق تېگىپ يەكشەنبە،
دۈشەنبە شېھىت بولدى.

قاتار ـ قاتار جىرىم سالسا،
ئوتتۇرىدا قىرىم بولدى.
ناۋايخانىنىڭ ئالدىدا،
قىيامەت قايىم بولدى.

قىردىن كەلدى شىرىپ بوجاڭ،
بەك سەل دېدى قايىم بوجاڭ.
جان ھەلقۇمغا كەلگەندە،
ئارىچىلاپ قويدى ئابلىز شوجاڭ.

دۆردۆن كەسكەن مىس قايچى،
تاۋار كەسكەن مىس قايچى.
شىرىپ بوجاڭنى ئۆلتۈرگەن،
پۇلۇدىكى سەيدىھاجى.

سەيدىھاجىدۇر نائەھلى،
ئەسلى ئادەم ئەمەستى.
شىرىپ بوجاڭنى ئۆلتۈرۈپ،
«بەگ» لىكتە ئىدى قەستى.

ئىككى يامبۇنى بېرىپ،
تازىمغا تۇردى جامال تازغا.
يىغلاشماڭلار كۆز تەگدى،
شىرىپ بوجاڭ سەرۋازغا.

چوڭ يامۇلنىڭ دەرۋازىسى،
گاھ ئېچىلىپ - يېپىلۇر.
شىرىپجاندەك مەردانە،
قايسى يۇرتتىن تېپىلۇر؟

قاچقۇنجىدا باققان قوينى،
پوماس تاغقا ھەيدەيلىمۇ؟
شىرىپ بوجاڭ ماڭغان يولغا،
گۈللەر تېرىپ يىغلايلىمۇ.

بۇ پاجىئەنىڭ شاھىدى بولغان ئىسلامخان ھازىرمۇ ھايات بولۇپ، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ پۇلۇ كەنتىدە ئاخىرقى ئۆمرىنى ئارمان بىلەن ئۆتكۈزمەكتە. پۇلۇ خەلقى بۈگۈنكى كۈندە پارتىيىنىڭ مېھىر - شەپقىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بەخت - سائادەت ئىچىدە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ ئادالەتسىز زاماندا ئۆزلىرىنىڭ شەپقەتچىسى بولۇپ ئۆتكەن خەلقپەرۋەر ئوغلانى شىرىپ بوجاڭنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارماي، مەشرەپ - بەزمىلەردە ھەسرەتلىك قوشاقلىرىنى ياڭرىتىپ، ياد ئېتىپ كەلمەكتە...

خەلق سۆيگەن كىشى مەڭگۈ خەلقنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ.

كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى ئىشخانىسى تەييارلىغان.

شىرىپ بوجاك يۇمدى كۆز،
قىلالمىدى ھېچبىر سۆز.
مەقسىتىگە يېتەرمۇ،
سەيدىھاجى دېگەن قارا يۈز؟!

سول پۇت چۇشلۇق تاۋاسى،[①]
ئوك چۇشتى ئوشۇق ئالچىسى.
شىرىپ بوجاكنى ئۆلتۈرگەن،
نىياز غازىنىڭ غالچىسى.

ئەي غالچىلار، غالچىلار،
خۇدا بەرسۇن جاجاڭنى.
ئىتمۇ سىيىپ سۇغارماس،
ئۆلگەن چاغدا خاداڭنى.

پۈرچاق ئېشى مېزىلىككەن،
لەغمەنمۇ ئېتىپ بەرسۇن.
شىرىپىنىڭ دۇشمەنلىرىنى،
جازالاپ ئېتىپ بەرسۇن.

سۇپا ئۈستىگە كات قويدى،
ھاجەتمەنلەر ياتسۇن دەپ.
ئۈرۈمچىدىن خەت كەلدى،
غېرىپ چېكەشنى ئاتسۇن دەپ.

---

① سول پۇت دەسسىبەلىگۇدەك كىچىك تاۋار دېگەن مەنىدە.

ئۇنىڭ ئاكىسى يومبىشىكقا ئىشلەپ قورسىقى تويمىغاچقا، ئۇجىمىگە چىقىپ ئۇجمە يەۋاتقاندا، يومبىشچىك بىر تال ئۇزۇن بادرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىپ قورقۇتقانلىقتىن، ئالاقزادىلىكتە ئۇجمىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەن. شۇ مەزگىللەردە قۇربان تولۇمنىڭ بىر ئاچىنى بىر باي بولاپ كېتىپ كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغان. ئۆي ئىشلىرىغا سالغان. ئىنسان كۆرۈپ باقمىغان ئۇسۇللار بىلەن قىيىنىغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بىچارە مەزلۇممۇ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان. ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قۇربان تولۇمنىڭ تۆت نەپەر ئۇرۇق - تۇغقىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ زالىم يومبىشچىكلارنىڭ قولىدا ئۆلگەن. قۇربان تولۇم يېتىملىق، ئاچلىق، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تازا تارتىپ چوڭ بولغان ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەندە، يومبىشچىك قوزى ھاجىغا كىچىك يىللىقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتلىرىنى، قويلىرىنى باققان. قوزى ھاجى ئاتلىق بىر يەرگە بارماقچى بولسا، ئاتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ ماڭغان. ئەگەر ئاتقا يېتىشەلمىسە بايدىن قامچا يېگەن.

باي مەنزىلىگە يەتكەندىن كېيىن، مەززىلىك تائاملارغا ئېغىز تەگسە، ئېتى ئوقۇردىكى ياخشى ئوت - چۆپ ۋە بوغۇزلارنى يەيتتى. بىراق، بىچارە قۇربان تولۇم ئوقۇرنىڭ قېشىدا ئاتقا قاراپ ئاچ قالاتتى. كەچتە يومبىشىك ئۇنىڭغا ئاران بىر زاغرا بېرەتتى. قىش كۈنلىرى كىيىدىغان ئاران بىرلا يىرتىق چاپىنى بولۇپ، ئۇنى كۈندۈزى سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىيسە، ئاخشىمى شۇ ئەسكى چاپان بىلەن تۇگۇلۇپ ياتاتتى. سوغۇق ئۇچىغا چىققان ۋاقىتلاردا قۇربان تولۇم توڭلىغىنىدىن ئۇخلىيالماي، كالا ئېغىلىغا كىرىپ ياتاتتى. بەزىدە ئاتنىڭ ئېگەرلىرىنى ئۈستىگە ياپاتتى. ھەتتا قەھرىتان سوغۇق كېچىلىرى تونۇر ئىچىگە كىرىپ يېتىپ،

# قۇربان تۇلۇم توغرىسىدا ئەسلىمە

ئابلىز مەمتىلى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەت بويىچە مەشھۇر ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، كېرىيە خەلقىنىڭ قەدىردان ئوغلانى قۇربان تۇلۇم 1883 - يىلى ناھىيىمىزنىڭ توغرىغاز يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كونا جەمئىيەتتە ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ تولىسى ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراش بىلەن ئۆتكەن. پومېشچىكقا ئۇزۇن يىل يالانچى بولۇپ، ئاچ - يالىڭاچلىقتا ياشىغان. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن باشلاپ، ئۈچ ئەۋلاد بايلارغا ئىجارىكەش، يالانچى بولۇپ ئىشلەپ، ھايۋاندىن بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرگەن. قۇربان تۇلۇممۇ بايلارنىڭ ئېغىلىدا تۇغۇلغان. ئىككى ياش ۋاقتىدا دادىسى يەر ئىجارىسىنى بېرەلمەي قاتتىق تاياق يەپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. قۇربان تۇلۇمنىڭ ئانىسىمۇ پومېشچىك قوزى ھاجىغا چاكار بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بەش ياشقا كىرگەن يىلى ئانىسىنىڭ قىلغان ئىشى پومېشچىكقا ياقمىغاچقا، قوزى ھاجى قۇربان تۇلۇمنىڭ ئانىسىنى قاتتىق ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇۋەتكەن. بىچارە، مىسكىن ئانا تاياق زەربىسىدىن ئۆرە بولالماي، بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالاشقان. ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋاقىتسىز قازا قىلىشى بىلەن، كىچىك تۇرۇپلا يېتىم قالغان قۇربان تۇلۇم باشقا بىر پومېشچىكنىڭ ئۆيىدە قوي باقىدىغان ئاكىسىنىڭ قېشىغا بارماقچى بولغان، كىم بىلسۇن،

ياۋايىلارچە تۇرمۇشنى باشلايدۇ. ئۇ يەردە ياۋا توشقان ئوۋلاش، جىگدە تېرىپ يېيىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامدايدۇ. ئىككى بالىسى ئاچ - يالىڭاچلىق تۇرمۇش دەردىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە قالىدۇ. دەل مۇشۇنداق پەيتتە قوزى ھاجى ئەۋەتكەن ئادەملەر ئۇلارنى تونۇۋېلىپ، يۇرت ئىچىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئازادلىق ھارپىسىغا كەلگۈچە، قۇربان تۇلۇمنىڭ بىر پارچە كىگىز، سۇ ئەكېلىدىغان بىر قاپاق، چاي قاينىتىدىغان بىر چۆگۈن، ئىككى تاماق يەيدىغان ياغاچ جامدىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق بولۇپ، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلغانىدى.

1949 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. قۇربان تۇلۇم ئازاب - ئوقۇبەتتە قالغان مىليونلىغان كىشىلەرگە ئوخشاش زۇلۇم زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ئۇنىڭغا 14 مو يەر، بىر ئۆي، بىر ئېشەك بۆلۈپ بېرىلدى. قۇربان تۇلۇم ياخشى كۈنگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نىجاتكارى رەئىس ماۋزېدۇڭنى تېخىمۇ سېغىنىپ ئۇنى كۆرۈش ئىستىكى قوزغالدى. ئۇ دائىم خەت يازدۇرۇپ، خەنزۇ كادىرلار ۋە تەرجىمانلار ئارقىلىق تەرجىمە قىلدۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا ئەۋەتىدۇ. بىر قېتىم مەركىزىي كومىتېت ئىشخانىسى جاۋاب خەت يېزىپ، «قۇربان تۇلۇمنى پارتىيە ۋە ماۋجۇشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوغداش ۋە قۇرۇپ چىقىشقا» ئىلھام بەردى ھەمدە ماۋجۇشىنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى قۇربان تۇلۇمغا ئەۋەتتى. قۇربان تۇلۇم ئۇلۇغ داھىي ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىدۇ

كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزاتتى.

قۇربان تۇلۇم 20 ياشقا كىرگەن يىلىنىڭ ياز كۈنى، پومېشچىك ئۇنى كەنتتىن سەككىز - توققۇز چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايغا قومۇش ئورۇپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. سەككىز كۈندە 20 مىڭ باغلام قومۇش ئورۇپ كېلىشكە تامىقى ئۈچۈن سەككىز جىڭ قوناق ئۇنى بېرىدۇ. ئوتلاقتىكى قومۇشلارنىڭ ئېگىزلىكى ئادەمنى چۆكۈرگەچكە، كۈندۈزى بەك ئىسسىق ھەم دىمىق، نەپەس ئالماق بەك قىيىن ئىدى. كېچىسى پاشىنىڭ ئازابىغا چىدىغىلى بولمايتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا بىر تەرەپتىن قومۇش ئورۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېزەك تېرىپ، ئوت قالاپ كۆمەچ پىشۇرۇپ يەيتتى. ئىچىشى قومۇش كۆلىدىكى سۇ ئىدى. لېكىن بۇ سۇ تۇزلۇق ھەم سېسىق بولغاچقا، ئىچسىلا ئىچى سۈرۈپ، ماغدۇرسىزلىنىپ يۈرەكلىرى سېلىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، سوغۇق تەر ئاستىدا قالاتتى. دەرۋەقە قوزى ھاجى ئۆتىنچى كۈنى كېلىپ، قۇربان تۇلۇمنىڭ كۆپ قومۇش ئورۇمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى قاتتىق ئۇرىدۇ. قۇربان تۇلۇم ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرگەچكە، قوزى ھاجى چاپارمەنلىرىگە ئۇنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ. زىندان سوغۇق ھەم زەي بولغاچقا، بۇ يەرگە سولانغانلارنىڭ ئامان قالىدىغىنى ئىنتايىن ئاز ئىدى. قۇربان تۇلۇم مانا مۇشۇ يەردە ساق 10 كۈننى ئۆتكۈزىدۇ. قوزى ھاجىغا جىددىي ئەمگەك كۈچى لازىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئاندىن بۇ گەزرائىل ئۇۋىسىدىن قۇتۇلىدۇ.

قۇربان تۇلۇم 22 ياشقا كىرگەندە باينىڭ بىر قىز مالىيى بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ توي قىلىپ، ئىككى پەرزەنتلىك بولىدۇ. ئۇ پومېشچىكنىڭ زۇلمى ۋە خورلىشىغا چىدىيالماي، ئايالى ۋە بالىلىرىنى ئېلىپ سازلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كەپە تىكىپ

قىزغىن سۆيىدىغان روھىدىن تەسىرلىنىپ، پۇرسەت بولسا چوقۇم ئامال قىلىپ ئۇنى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، ماۋجۇشىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ.

1958 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇربان تۇلۇم مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلاندى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا بېيجىڭغا قاراپ ماڭدى. 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ماۋجۇشى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى. سائەت 6 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ماۋجۇشى مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا روھلۇق ھالدا، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. سۈرەتكە چۈشۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماۋجۇشى قۇربان تۇلۇمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. قۇربان تۇلۇم ماۋجۇشىغا «ياخشىمۇ سىز؟» دەپ بولغۇچە، ماۋجۇشى ئۇنىڭدىن «ياخشىمۇ سىز؟» دەپ سورىدى. قۇربان تۇلۇم ماۋجۇشىنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ، قويۇۋېتىشكە كۆزى قىيماي، ئۇزاققىچە تۇتۇپ تۇرىدۇ ۋە ئارقىدىنلا ماۋجۇشىغا ئۆزى ئېلىپ بارغان كىرىيەنىڭ قۇرۇق يەل ـ يېمىشلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ ـ دە، يەنە بىر قېتىم خۇشال ھالدا ماۋجۇشى بىلەن قول ئېلىشىدۇ. سۈرەتكە ئالغۇچى مۇخبىر شۇ ۋاقىتتا بىر پارچە قىممەتلىك سۈرەت، يەنى «ماۋجۇشى بىلەن قۇربان تۇلۇمنىڭ كۆرۈشكەنلىك» سۈرىتىنى تارتىۋالدى. بۇ، قۇربان تۇلۇمنىڭ ھاياتىدا ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ بەختلىك، ئەڭ ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى. ئىككىنچى يىلى قۇربان تۇلۇم تەكلىپكە بىنائەن بېيجىڭغا بېرىپ، دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەشكە قاتنىشىپ ماۋجۇشىنى يەنە بىر قېتىم كۆردى. بۇ مەزگىللەردە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ماۋجۇشىنىڭ ئۇيغۇر

ۋە باللىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرىغا بۇ سۈرەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قاراڭلار، ئۇلۇغ داھىمىز، نىجاتكارىمىز ماۋجۇشى رەسىمى بىلەن بۇ خەتنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلۇغ ئاتىمىز نېمىدېگەن نۇرلۇق، نېمىدېگەن يېقىملىق، نېمە دېگەن قامەتلىك ـ ھە! . . . باللىرىم، خوشنىلىرىم سىلەر ماۋجۇشىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، پارتىيە، ماۋجۇشى بولمىغان بولسا، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمىز بولمايتتى. شۇڭا بىز مەڭگۈ ماۋجۇشى ھەم پارتىيىگە ئەگىشىپ، ئۆز تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلاش، يۇرتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلىشىمىز كېرەك» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

1956 ـ يىلى قۇربان تۇلۇم ئېشەككە مىنىپ، بېيجىڭغا بېرىپ ماۋجۇشىنى كۆرۈپ كېلىش نىيىتىگە كېلىدۇ ھەمدە قىزىغا بىر دانە ئۇيغۇر دوپپىسى تەييارلىتىدۇ. مەھەللىسىدىكى گىلەم توقۇغۇچى ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، گىلەمگە ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلب ئارزۇسىنى، نامرات خەلقنىڭ ئۈمىدىنى سىمۋول قىلىپ گىلەم توقۇتىدۇ. تەييارلىقلىرى پۈتكەندىن كېيىن، قۇربان تۇلۇم بىر خالتا نان، كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ چىققان سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ، پاكىز كىيىنىپ، ئېشەككە مىنىپ يولغا چىقىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش لى يۇشۇەن بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، قۇربان تۇلۇمغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى قايتۇرىدۇ ھەمدە بۇ ئىشنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىدۇ.

1957 ـ يىلى باھاردا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ ئېنماۋ كېرىيە ناھىيىسىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، قۇربان تۇلۇم بىلەن كۆرۈشىدۇ. قۇربان تۇلۇم كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نىجاتكارى ماۋجۇشىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇسىنى بايان قىلىدۇ. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ئۇنىڭ پارتىيىنى، داھىينى

ئاتاقلىق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، ج ك پ كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، كېرىيە ناھىيە قىزىلبايراق گوڭشې (ھازىرقى شەنبە بازىرى) ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1975 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن 92 يېشىدا ۋاپات بولغان.

1993 - يىلى كېرىيە خەلقى ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، قۇربان تۇلۇم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى تەبرىكلەپ قۇربان تۇلۇمنىڭ قەبرىسىنى ئۇنىڭ يۇرتى توغرىغاز يېزىدا قاتۇردى. 1996 - يىلى ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىي كىرىش ئېغىزىغا قۇربان تۇلۇمنىڭ ماۋجۇشى بىلەن كۆرۈشۋاتقان ھەيۋەتلىك خاتىرە ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ، كېرىيە خەلقىنىڭ ماۋجۇشىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. ھازىر بۇ جاي ناھىيىمىزدىكى ھەر سەللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە كەڭ خەلق ئاممىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىسى قىلىندى. گەرچە قۇربان تۇلۇم بىزدىن مەڭگۈگە ئايرىلغان بولسىمۇ، پارتىيە، ۋەتەنگە ماۋجۇشىغا بولغان قىزغىن مېھىر - مۇھەببىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، خەلققە سادىق بولۇش روھى مەڭگۈ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىپىك، شەرەپلىك ۋەكىلى بولۇشقا مۇناسىپ. قۇربان تۇلۇم خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

دېھقان قۇربان تۆلۈمنى قوبۇل قىلغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ۋە ئۇنىڭ سۈرەتلىرى تارقىتىلدى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىگە «قۇربان تاغا بېيجىڭغا باردى» دېگەن تېكىست كىرگۈزۈلدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۆگىنىش ئۈلگىسى لېي فېڭ بىلەن قۇربان تۆلۈمنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە تەشۋىق قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ نەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرى مەزمۇن قىلىنغان دراما «ماۋجۇشىغا يېقىندىن ئەگىشىش»، تېلېۋىزىيە تىياتىرى «كۆڭۈل ئارزۇسى» قاتارلىقلار ئىشلەنگەن.

قۇربان تۆلۈم ماۋجۇشىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، روھى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، ياشانغانسېرى روھلۇق بولۇپ قالدى. ئەمگەك قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئاشتى ۋە تۇرلۇك چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا، بېيجىڭدا ماۋزېدۇڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى تەلەپ بويىچە سۆزلەپ بەردى. قۇربان تۆلۈمنىڭ دوكلات قىلىش يىغىنىغا قاتناشقانلارنىڭ ئېيتىشىچە، بەزى ۋاقىتلاردا دوكلات ئاڭلىغۇچىلار نەچچە ئون مىڭغا يەتكەن.

قۇربان تۆلۈم ياشىنىپ قالغاندىمۇ كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئىزچىل ياردەم بەردى. گەرچە ئۇ ئېتىز بېشىغا چىقىپ كەتمەن چاپالمىسىمۇ، ئائىلىسىدە ئوغۇت توپلاپ، ھەر يىلى كوللېكتىپقا 20 مىڭ تاغاردىن 25 مىڭ تاغارغىچە ئوغۇت ياردەم قىلدى. يېتىم - يېسىر، قېرى - ئاجىزلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم بەردى. يولداش قۇربان تۆلۈم ھايات ۋاقتىدا، مەملىكەت بويىچە

ساپاللار بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى قۇم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان قىزىل يىرىك ساپال، ئاز ساندىكىلىرى لايدىن پىشۇرۇلغان قىزىل ساپاللاردۇر. بۇنىڭ تولىسى سىلىق ـ سىدام، بەزىلىرىگە سىزىقلار سىزىلغان ۋە بېسىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۆمۈر بۇيۇملار، يارماقلار، مىس بېزەكلەر، ئەينەك مارجان، تاش ياغۇنچاق قاتارلىقلار تېپىلدى. يەر يۈزىدە يەنە داشقاللار، هايۋانات سۆڭەكلىرى (بەزى سۆڭەكلەر ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن) كۆپ ئۇچرايدۇ.

1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو ـ گېرمانىيە بىرلىشىپ كىرىيە دەريا ۋادىسىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى مارجانلىقنىڭ بەش كىلومېتىر شىمالىدىكى قارا دۆڭ خارابىسىدىن قېزىۋالغان ئەۋرىشكىلەرنى «كاربون 14» ئارقىلىق لابوراتورىيىدە تەكشۈرۈش نەتىجىسى قارا دۆڭ قەلئەسىنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرى $4862 \pm 801$ دىن ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئارخېئولوگلار مارجانلىق خارابىسىنى قارا دۆڭ خارابىسى بىلەن بىر دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا.

### 2. باش كەڭسۇلاق تاش قورال ئىزى

باش كەڭسۇلاق ئىنچىكە تاش قورال ئىزى — كىرىيە بازىرىنىڭ 77 كىلومېتىر جەنۇبىدا، پولۇنىڭ 10 كىلومېتىر شىمالىدا، كىرىيە دەريا باش ئېقىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى (كىرىيە دەرياسى ئومۇمەن جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ، لېكىن مۇشۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزى بار جاي دەريانىڭ شەرقىدىن غەربىگە ئەگىپ ئاقىدۇ) ئۈچىنچى پەلەمپەيسىمان ئېگىزلىكتە، هازىرقى دەريا قىنىدىن 150 مېتىر يىراقلىقتا. بۇ ئىزنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر جىلغا بار، جىلغىنىڭ كەسمە يۈزىنى تەهلىل قىلغاندا، بۇ ئىز قۇمسىمان سېرىق توپىلىق چۆكمە ئۈستىگە

# كېرىيەدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى

مەتكېرىم ئىسمايىل

## 1. مارجانلىق خارابىسى

مەزكۇر خارابە ــ كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ 230 كىلومېتىر شىمالىدا بولۇپ، شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە (14 كىلومېتىر يىراقلىقتا) ئېغىل دېگەن مەھەللە جايلاشقان. بۇ قەدىمكى شەھەر ئىزى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى كېرىيە دەرياسى قەدىمكى ئىزىنىڭ ئىككىنچى پەلەمپەيسىمان ئېگىزلىكىدە. دەريا ئىزى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ، قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىمدىكى توغراق ۋە يۇلغۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇپ كەتكەن. لېكىن بۇ قەدىمكى شەھەر ئىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ توغراق ياشىرىپ باراقسان بولۇپ، مۇشۇ ئىزنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئىزنىڭ شىمالىدىكى دەريا قىنىنىڭ ئويمان يېرىدە 1.6 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىلا ئىچكىلى بولىدىغان تاتلىق سۇ چىقىدۇ. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ كۆپ قىسمى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان. يەر يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسمى شامال يالاش سەۋەبىدىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. ھازىر قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ قالغان قەدىمكى شەھەر ئىزىنىڭ كۆلىمى شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 500 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 1000 مېتىرچە كېلىدۇ. بۇ ئىزدىن يىغىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى كۆپىنچە سۇنۇق

**3. قارادۆڭ خارابىسى**

مەزكۇر خارابە — كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ناھىيە بازىرىغا 261 كىلومېتىر كېلىدىغان شىمالىي قۇملۇق ئىچىدە بولۇپ، تەكلىماكاننىڭ كىندىكىگە توغرا كېلىدۇ. خارابە كونا دەريا ئىزىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپىنى ئېگىز قۇم دۆۋىلىرى قورشاپ تۇرىدۇ. خارابە قارادۆڭ قورغىنىنى مەركەز قىلغان. قورغاننىڭ غەربىي جەنۇبىدا تۆت كورپۇس ئىمارەت، قورغاننىڭ شەرقىي شىمالىدا ئىككى كورپۇس ئىمارەت ۋە بىر خۇمدان ئىزى بار. ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاھالىلەر ئولتۇرىقى ھەم بۇددخانا قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئەتراپىدا ئېتىزلىق، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئىزى بار.

قارادۆڭ قەدىمىي قورغىنىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 5625 كۋادرات مېتىر بولۇپ، چاسا شەكىللىك. ھەر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 75 مېتىر، تامنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن سەككىز مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى سەككىز مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تامنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر ئىشىكى بولۇپ، يورۇشىدىغان يولى بار. سېپىل تېمىغا شاخ - شۇمبا، سېغىز ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان. سېپىل ئۈستىدە ئىمارەتلەر بار. قورغان ئىچىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ كۆپى ۋەيران بولغان. ئايرىم ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ساقلىنىپ قالغان. خارابە ئىچىدىن قىزىل، كۈلرەڭ ساپال پارچىلىرى، تاش پارچىلىرى، ياغۇنچاق تېشى، دەرەخ شاخلىرى بىلەن توقۇلغان يۇمىلاق ئورۇندۇق، ئەينەك پارچىسى، مىس پۇل پارچىلىرى قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ساپال بويۇملار ماشىنا ئارقىلىق ياسالغان. كۆپىنچىسى قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ساپاللار بولۇپ، نەقىش ئاز، ئەگرى - دولقۇنسىمان نەقىش ۋە ئىنچىكە سىزىقچىلار كۆزگە چېلىقىدۇ.

جايلاشقان. ھازىر بۇ جاي ئۆسۈملۈك يوق، ئادەم ياشىمايدىغان بىر چۆل ـ جەزىرە ئىكەن. بۇ ئىزنىڭ شىمالىدا كېرىيە ناھىيە بازىرىدىن پۇلۇ تاغ رايونىغا بارىدىغان ئاددىي تاشيول ۋە كېرىيە دەرياسىنىڭ قىنى بار. شەرق تەرىپىدە تاشلاپ كېتىلگەن ھازىرقى زامان گەمىلىرى بار. بۇ ئىزنىڭ تەخمىنەن 2000 ـ 2500 مېتىر دائىرىسى ئىچىدە تاش قوراللار يونۇپ ياسالغان ۋاقىتتىكى تاش پارچىلىرى ۋە بەزى تاش قوراللار ئۇچرايدۇ. 500 مېتىر دائىرە ئىچىدە بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. يىغىۋېلىنغان 100 دىن ئارتۇق تاش قورال ئەۋرىشكىلىرىنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى كۋارتسىس تاشلاردىن ياسالغان نازۇك تاش قوراللاردۇر. تاش قوراللارنىڭ شەكلى ئاساسەن تاش ياپراق، تاش مېغىزى (ئانا تاش)، تاش قىرغۇ، تاش ئوقيا ئۇچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە تاش ياپراقلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ. تاش قوراللارنى ياسىغاندا، ئانا تاشتىن چېقىپ ئاجرىتىلىش جەريانىدا ساقلىنىپ قالغان بەلگىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. كۆپىنچىسى قايتا پىششىقلاپ ياسالمايلا ئىشلىتىلىۋەرگەن. پەقەت ئىككى تاش ئوقيا ئۇچىدىلا ئانا تاشتىن ئاجرىتىلىش جەريانىدا پەيدا بولغان ئىزلار ساقلىنىپ قالغان. يەنە بىر تاش قىرغۇنىڭ بىسىدىمۇ رېمونت قىلىنغان ئالامەتلەر كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئومۇمەن، بۇ تاش قوراللارنىڭ ياسىلىش تېخنىكىسى ئىپتىدائىي، قورال شەكلى ئاددىي بولغاچقا، بۇ جاي تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ساقلىنىپ قالغان ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئىزى دەپ قارىلىشى كېرەك. ئارخېئولوگلار بۇنى بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى زامانلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى دەپ قارىماقتا.

(جاڭ تېنەن)

كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، سوزۇلما ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. قازناق بۇتخانا ئىزى كونا دەريا قىنىنىڭ جەنۇبىي ساھىلىدىكى قۇم بارخانلىرى ئاستىدا بولۇپ، مۇشۇ مەدەنىيەت بەلۋېغىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان.

1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ھەمكارلىقىدا مەزكۇر خارابىنى بىر قېتىم تازىلىدى. قېزىپ تازىلاش داۋامىدا ئۇچرىتىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمى كۆپ ئەمەس. بۇتخانىنىڭ شەكلى ئۇزۇن چاسا بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 11 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 8.40 مېتىر. بۇ يەردىن ساقلىنىپ قالغان پارچە تام رەسىم، چوڭ تىپتىكى نىلۇپەر ئۈستىدە ئولتۇرغان بۇت بايقالدى.

بۇ خارابە ئارخېئولوگىيە ساھەسىگە 1981 - يىللىرى مەلۇم بولغان. 1983 - يىلى بىر قېتىم تازىلانغان. ئومۇمەن، مەزكۇر خارابە ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن مىلادى 5 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ دەپ قارالماقتا.

**5. قوۋمى شەھىدان مازار خارابىسى**

مەزكۇر خارابە كۆكيار يېزا قولتۇق كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا توققۇز كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىدە سېرىغ ئۆي كەنتى، جەنۇبىدا ئەگلە كەنتى، غەربىي شىمالىدىن قولتۇق كەنتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. خارابە — چوڭ بىر ئىسلام قەبرىستانلىقى بولۇپ، يەر يۈزىدە ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. مەزكۇر قەبرىستانلىقتا يەنە ئۈستى ياغاچ، شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان قەبرىلەرمۇ بار. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردىن ئىلگىرى ئوقيا، مىس پۇل، ھەر خىل رەڭدىكى ساپال كوزىلارمۇ ئۇچرىغان. ئەمما ئۈستى يېپىلغان بىر قەبرىنى

1993 - يىلى ۋە 1994 - يىلى بۇ يەردە جۇڭگو - فرانسىيە دەريا بويىنى تەكشۈرۈش - قېزىش ئەترىتى تەكشۈرۈش ۋە قىسمەن قېزىش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ چوڭ دائىرىدە 66 ئىمارەت ئىزى بار ئىكەن. NO:61 نومۇرلۇق خارابە بىر بۆتخانا ئىزى بولۇپ، تاملىرىدا رەڭلىك سۈرەت بار. ئىمارەت شەكلى تۆت چاسا بولۇپ، ئىككى قات پاراللېل كارىدورى بار. كارىدور تاملىرىغىمۇ بۇددا رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن. NO:62 نومۇرلۇق خارابىمۇ بىر بۆتخانا بولۇپ ئۈنىڭدىمۇ كارىدور بار. تامنىڭ قالدۇقىنىڭ ئېگىزلىكى 30 - 40 سانتىمېتىر كېلىدۇ. شىمالىي قىسمى يىقىلىپ تۈزلىنىپ كەتكەن. كارىدور قىسمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. پەرەز قىلىشقا ئاساسلانغاندا، كارىدورنىڭ كەڭلىكى 90 سانتىمېتىر، تامدا رەڭلىك تام رەسىملىرى بار. سۈرەتتىكى رەڭلەر قىزىل، قارا، ئاق رەڭنى ئاساس قىلغان. كۆك رەڭمۇ بار. ھازىر ساقلىنىپ قالغان تۈۋرۈكلەردىن قارىغاندا، بۆتخانىنىڭ ئېگىزلىكى 2.8 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ھەربىر تامغا تۆت تۈۋرۈك قويۇلغان. بۇ خارابىدىن يەنە بىرقەدەر مۇكەممەل بۆت ھەيكەل پارچىلىرى ئۈچرىتىلدى.

1986 - جۇڭگو - گېرمانىيە بىرلىشىپ كېرىيە دەريا ۋادىسىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى قارادۆڭ خارابىسىدىن قېزىۋالغان ئەۋرىشكىلەرنى «كاربون 14» ئارقىلىق لابوراتورىيىدە تەكشۈرۈپ، قارادۆڭ قەلئەسىنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرىنىڭ 108± 2684 دىن ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

**4. قازناق خارابىسى**

مەزكۇر خارابە شۇۋل يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇقتا بولۇپ، شىمالدا قەدىمكى دەريا قىنى بار.

بۇ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بىر مەدەنىيەت بەلۋېغىنىڭ

كېلىدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقى بار بەلۋاغ شىمالغا سوزۇلۇپ، كۆكچى شەھەر خارابىسى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ.

بۇ خارابىدە ساپال پارچىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى قىزىل رەڭلىك. ساپال پارچىلىرىنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، بۇ ساپال بويۇملار تۈز تەگلىك، يۇملاق تەگلىك، يالغان يۇملاق تەگلىك، ئاغزىدا گىۋەنكى بار، ئەگمەچ گىۋەگلىك، تۈز گىۋەڭلىك ساپال بويۇملار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا پىشۇرۇلغان. نەقىشلەر كۆپ ئەمەس. بۇ يەردىن يەنە ھەر خىل شەكىلدىكى تاش قوراللارمۇ بايقالدى. بۇنىڭ دەۋرى تېخىمۇ قەدىمىي ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

**8. يەتتە تۈنۈك خارابىسى**

بۇ خارابە ـــ بوستانلىق ساھىلىدىكى كونا دەريا (ئېقىن) لىرىغا جايلاشقان بولۇپ، لەڭگەر يېزا يەتتە تۈنۈك كەنتى دائىرىسىدە. بەر يۈزىدە شامالنىڭ يالىشىدىن شەكىللەنگەن كەتمە دۆڭلەر بار. شىمالىي تەرىپى تۈزلۈق ساي، شەرقىي تەرىپى يەتتە تۈنۈك كەنتى، جەنۇب تەرىپى توپان ئارقا كەنتى، غەربىي تەرىپى پايانسىز سايلىقتۇر.

خارابىنىڭ يۈزىنى شامال ئېغىر دەرىجىدە يالىغۇەتكەن بولۇپ، مەدەنىيەت قاتلىمى ئاللىقاچان يوقالغان. پەقەت ئاز ساندىكى قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قىزىل ساپاللارنىڭ پارچىلىرى تاش ـ شېغىللار ئارىسىدا قالايمىقان چېچىلىپ ياتىدۇ. ساپال پارچىلىرىدا نەقىش ـ بەلگىلەر يوق، ئەسلى شەكلىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىن كاتاكشىتىلغان تاش قوراللارمۇ ئۇچرىتىلدى. دەۋرى خېلى قەدىمىي.

**9. قىغاز سىپىلى**

(بۇ خارابە 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگودىكى

تەكشۈرۈشىمىزچە، جەسەت ئۇستىگە ئاق رەڭلىك كېپەن كىيگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئىسلام قەبرىستانلىقى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەۋرى مىلادى 10 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە بولۇشى مۇمكىن.

**6. كۆكچى خانياربەگ خارابىسى**

بۇ خارابە — ئارىش كەنتىنىڭ كۆكچى مەھەللىسى بىلەن ساي تۇتىشىدىغان بوستانلىق ساھىلىغا جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى لەڭگەر ساي بىلەن، غەربىي تەرىپى ئاتسالدى ساي بىلەن، شەرقىي جەنۇبىي ئارىش كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ يەر تاشلىق ساي بولۇپ، ئاندا - ساندا شامال پۇۋلەپ شەكىللەندۇرگەن كەتمە دۆڭلەر بار. بۇ خارابىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن تۆت - بەش مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. خارابە يۈزىدە قىزىل، كۆلرەڭ ساپال پارچىلىرى كۆپ بولۇپ، ساپاللار ماشىنا بىلەن ياسالغان قۇم ئارىلاش ساپاللاردۇر. ساپال بۇيۇملارنىڭ شەكلى ئاساسەن يۇمىلاق تەگلىك، ئىنچىكە بويۇنلۇق لوڭقىلار بولۇپ ناھايىتى سىپتا ياسالغان. بۇ يەردىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملارنىڭ شەكلى ۋە ماتېرىيالىغا قارىغاندا، دەۋرى بىر قەدەر قەدىمىيرەك بولسا كېرەك.

**7. شىرىكە خارابىسى**

بۇ خارابە — ئارىش يېزا ئاق تېرەك كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، شەرقىي ئاق تېرەك كەنتى بىلەن، جەنۇبىي كەتمەن كەنتى بىلەن، غەربىي شىمالىي ئاتسالدى ساي بىلەن تۇتىشىدۇ. سايدا شېغىل تاشلار ۋە چوڭ - كىچىك يانار تاغ چاچراندى تاشلىرى ناھايىتى كۆپ.

مەزكۇر خارابىنىڭ دائىرىسى جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 500 مېتىر

# قارا قۇرۇم تەبىئىي سۇ ئامبىرى ـ ئىبراھىمكۆل

ئابدۇقادىر تۇرسۇن

كېرىيە بوستانلىقىنىڭ جان تومۇرى ۋە قان تومۇرى دەپ ئاتالغان كېرىيە دەرياسىنىڭ يىل بويى ئۈزۈلمەيدىغان زۇمرەت لېقىنى ـ كوئىنلۇن تاغلىرىدىكى قېلىن قار ۋە مەڭگۈلۈك مۇز چوققىلىرىدىن ئېرىگەن ئېرىندى سۇ.

بۇ «ئۈزۈلمەس ئېقىن»غا بۇ ناھىيىدىكى 190 نەچچە مىڭ ئاھالە، 300 نەچچە مىڭ مولۇق تېرىلغۇ مەيدانى، 400 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ۋە تۈمەن سىگىلىغان دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپ، ئۇچار قۇش، جان ـ جانىۋارلار، ئىشقىلىپ مۇشۇ ۋادىدىكى جىمىكى ھاياتلىقنىڭ ھايات ـ ماماتى، تەقدىر تەلىيى باغلانغان. مۇشۇ دەريانىڭ ئاشۇ سۈيىسىز بۇ يەردە ھېچقانداق ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. كوئىنلۇندىن تەكلىماكان قۇملۇقىغا قاراپ تارتىلغان چوڭ ـ كىچىك دەريا ئېقىنلىرى خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى قان تومۇرلاردا جۇش ئۇرۇپ ئايلىنىۋاتقان ھاياتلىق قېنىغا ئوخشاش بۇ رايونغا جان ئاتا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئېقىن مىقدارى بەزى پەسىل، ئاي، كۈنلەردە ئۇلۇغ، بەزى پەسىل، ئاي، كۈنلەردە ئاز بولسىمۇ، كىشىنى ئەڭ ئۈمىدلەندۈرۈدىغىنى شۇكى: يىل بويى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە، كېچە ـ كۈندۈز، بىر مىنۇت ـ سېكۇنت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. مانا بۇ ـ بۇ يەردىكى ھەممە جان ئىگىسىنىڭ ئەڭ زور بەختى ۋە ئامىتى.

مەشھۇر ئاسارە ئەتىقىلەر قامۇسى» دېگەن كىتابتا «بەشتوغراق قەدىمىي شەھىرى» دەپ يېزىلغان) .

مەزكۇر خارابە ـــ سىيەك يېزىسىنىڭ بەشتوغراق كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى شەرقتىن غەربكە 500 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 200 مېتىر كېلىدۇ.

1929 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى بۇ يەرنى تەكشۈرگەندە 60 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سېپىل قالدۇقىنى كۆرگەن ۋە «خارابىنىڭ ئوتتۇرىدا بىر سېپىل بار» ، «قەدىمىي شەھەرنىڭ شىمالىغا يېرىم يول كېلىدىغان يەردە كەتمە دۆڭلەر بار» ، «شەرقتىن ئىككى يول كېلىدىغان يەردە غايەت زور بىر توپا دۆمبەل بار» دەپ يازغان. دەۋرى 8 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ قارىغان. 1981 ـ يىلى ئورنىمىز بۇ يەرنى تەكشۈرگەندە، توپا دۆمبەللەرنى ئۆلچىگەن. بۇ دۆمبەللەر ئېھتىمال سېپىل قالدۇقى بولۇشى مۇمكىن. ھازىر ساقلىنىپ قالغان سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ يېرىم مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن يەتتە مېتىر، كەڭلىكى يەتتە مېتىر. 90 ـ يىللارغا كەلگەندە بۇ يەر تېخىمۇ بۇزۇلۇپ سېپىلنىڭ ئىزى يوقاپ كەتكەن. پەقەت 1.5 كۋادرات مېتىرلىق بىرلا دۆۋە ساقلىنىپ قالغان. ئەتراپتىكى ساپال پارچىلىرى بار خارابىلەر تامامەن ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلغان.

بەزىلەر بۇ خارابىنى قەدىمكى كىرىيە دۆلىتىنىڭ پايتەخت ئىزى دەپ قارىغان.

سېخى تەبىئەت بۇ كۆلنى بەكمۇ ئوبدان جايلاشتۇرغان بولۇپ، شەرق، غەرب ئىككى تەرىپى قارلىق چوققا، مۇز تاغلار بىلەن ئورالغان. شىمال تەرىپى يانتۇلىقى ئانچە تىك بولمىغان قىيپاش دۆڭ، جەنۇبىدا بولسا، سۇ ئايرىغۇچ چوققا چوخچىيىپ تۇرىدۇ. كۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدا تار بىر چىقىش ئېغىزى بولۇپ، بۇ «دەل لوش» دەرياسىنىڭ سۇ كىرىش سۇغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېغىزنىڭ ئاستى يۈز كەڭلىكى 50 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، كەڭلىكىنىڭ ئەڭ كەڭ جايى 5 كىلومېتىر بولۇپ، يەر شەكلى جەھەتتىن ئېيتقاندا، جەنۇبى ئېگىز، شىمال تەرىپى پەس. ئۇزۇنغا يانتۇلۇقى ئىككى - ئۈچ بولۇپ، پەرق ئانچە چوڭ ئەمەس، تۆت ئەتراپىدىكى قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان چوققىلار دېگۈدەك گرانىت تاشلىق بولۇپ، بۇ چوققىلار ھەم ئېگىز، ھەم قېلىن بولغاچقا، سۇنىڭ سىڭىش نىسبىتى ئەڭ ئاز، ھەتتا «سىڭمەيدۇ» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

بۇ، قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان تاغلاردىكى ئېرىندى سۇلارنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان تەبىئىي كۆل بولۇپ، سۇ مىقدارى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، يازدا سۇ يۈزى كۆتۈرۈلسە، باشقا پەسىللەردە پەسلەپ، كۆل يۈزى كىچىكلەيدۇ. زور كەلكۈن مەزگىلىدىكى سۇنىڭ ئېقىن مىقدارى 30 كۇب سانتىمېتىرغا يېتىدىكەن. تولۇق بولمىغان ھېسابلاشلارغا قارىغاندا، «ئىبراھىمكۆل»نىڭ يىللاردىن بۇيانقى سۇ مىقدارى 5 مىليارد 4 يۈز مىليون كۇب مېتىر بولغان (خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسى بىلەن سابىق كېرىيە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 1971 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى «ئىبراھىمكۆلىنى تەكشۈرۈش، ئۆلچەش توغرىسىدىكى دوكلاتى» دىن ئېلىندى)

سۇنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشچانلىقى نېمىدىن؟ ئۇ قاچان باشلانغان؟ ئۆزۈلۈپ قالغان چاغلىرى، ئاي ـ كۈنلىرىمۇ بولغانمۇ؟ بۇ توغرىدا تارىخ سەھىپىلىرىدە ھېچنېمە يوق. بىراق ئەقىل بىلەن ئىدراك قىلىپ كۆرگەندە، توختىمىغان بولسا كېرەك. ئەگەر توختاپ قالغان بولسا، بۇگۈنكى كۈندە بۇ يەردە ھاياتلىق بولمىغان بولاتتى. ئۆزگىرىشچانلىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى شۇكى: ئۇلۇغ تەبىئەت كېرىيە خەلقىگە ئاتا قىلغان بىر تەبىئىي سۇ ئامبىرىنىڭ يىل بويى ئۈزۈلدۈرمەي ھەر قايسى دەريا ئېقىنلىرىغا سۇ چىقىرىپ بېرىپ تۇرغانلىقىدا!

بۇ تەبىئىي سۇ ئامبىرى كونلۇن تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 5400 ـ 5500 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان سەلتەنەتلىك چوققىسىدا بۇلۇتلار بىلەن قۇچاقلىشىپ، خۇددى بىر يېشىل مەرۋايىت كۆزلۈك ئۈزۈكتەك يالتىراپ تۇرىدۇ. بۇ كۆلنى كىشىلەر «ئىبراھىمكۆل» (جانلىق تىلدا ئورايىسكۆل) دەپ ئاتايدۇ.

ھەر خىل تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، «ئىبراھىمكۆل» شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ تەخمىنەن 15 ـ 20 كىلومېتىر ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئورنى شىمالىي پاراللېل 35°15′، شەرقىي مېرىدىئان 18°45′ غا توغرا كېلىدۇ. كېرىيە ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 250 كىلومېتىر كېلىدۇ. «ئىبراھىمكۆل» نىڭ تىبەتچە ئىسمىنىڭ بار ـ يوقلىغى نامەلۇم. مەرھۇم ئىبراھىم بەگنىڭ بىزگە ئېنىقلاپ بەرگىنى — بۇ كۆل كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاساسلىق غول ئېقىمى بولغان «لۇش» دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىكەنلىكى ۋە كېرىيە بوستانلىقىغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان ئاساسىي مەنبە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت.

«ئىبراھىمكۆل» رايونىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە 0.0°، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 13.8° بولغان. شۇ كۈنى كىرىيە ناھىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 23.7°، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 9.9° بولغان. ئىلمىي ماتېرىياللاردا ئانالىز قىلىنىشىچە، كىرىيە ناھىيىسى بىلەن «ئىبراھىمكۆل» نىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى 24° ـ ۋە ° 24 بولىدىكەن. «ئىبراھىمكۆل» نىڭ ئەڭ سوغۇق مەزگىلدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 35° بولىدىكەن. لېكىن كۆلنىڭ سۈيى كۆپ ۋە چوڭقۇر بولغانلىقتىن، مۇشۇنداق تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىمۇ پۈتۈنلەي ئۇيۇل مۇزغا ئايلىنىپ كەتمەيدىكەن.

«ئىبراھىمكۆل» ھەر خىل سۇ قۇشلىرىنىڭ جەننەت ماكانىدۇر. غاز، ھاڭقىرت، ئاق قۇ، ياۋا ئۆردەك قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى بۇ يەردە خاتىرجەم ماكانلىشىپ كۆپىيىدىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە: سۇ ئۈستىگە توزىغان سۇ قۇشلىرىنىڭ پەي ـ تۈكلىرى كۆلنىڭ بەزى جايلىرىدا بىر قانچە مېتىر قېلىنلىقتىكى سۇ ئۈستى ماmuق كۆرپىنى ھاسىل قىلغان، ھەتتا ئادەم ماڭسىمۇ كۆتۈرىدىكەن. بۇنىڭ بىر ئاز ئاشۇرۇپ قىلىنغان تەسۋىر ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ يەر زامان ـ زامانلاردىن بېرى سۇ قۇشلىرىنىڭ تەبىئىي ئۇۋىسى بولۇپ كەلگەنلىكى ناھايىتى روشەن.

ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانچە ئون ئەسىرلەر داۋامىدا ياراتقان بوستانلىقلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ماكان ۋە جاھانلىرىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىغا يەم بولۇپ كەتمەي، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى داۋام قىلىشى ۋە كېڭىيىپ گۈللىنىشى ـ مانا شۇ قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان ئاتا تاغلار ۋە «ئىبراھىمكۆل» دەك نۇرغۇن ـ نۇرغۇن تەبىئىي سۇ

«ئىبراھىمكۆل» سۈيى پۈتمەس ـ تۈگىمەس شۇنداق بىر سۇ ئامباركى: ئۇ، گويا ئاپتوماتىك باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىغا ئىگە زامانىۋىلاشقان سۇ ئامبىرىغا ئوخشاش يازدا ئېرىندى سۇلارنى يېتەرلىك چىگىنىۋالغاندىن باشقا، يەنە يېتەرلىك چىقىرىپ بېرىدۇ. قىشتا مۇۋاپىق چىقىرىدۇ. قۇرغاقچىلىق ۋاقىتلىرىدىمۇ كىشىلەرنى ھەرگىز نائۈمىد قىلماي، ھاياتلىق تامچىسىنى ئەسلا ئۈزۈپ قويمايدۇ. بۇ كۆل ئەۋەتكەن ئېقىن ئۆزىدىن 400 ـ 500 كىلومېتىر شىمالدىكى جايلارغىچە يېتىپ بېرىپ، ئۆز قەترىسىدىن ھەتتا تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى توغراق ـ يۇلغۇنلارغىچە بەھرىمەن قىلالايدۇ.

«ئىبراھىمكۆل» دىن باشلىنىدىغان دەريا ئېقىنلىرى پەقەت بىرلا بولماستىن، بەلكى چوڭ ـ كىچىك تارماق ئېقىنلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ ئېقىنلار ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى تارچۇق، چوڭقۇر جىرالار بولغاچقا، ئېقىۋاتقان سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئېگىز تاغلارنىڭ ھەيۋەتلىك گەۋدىسى توسۇپ تۇرىدۇ. ئېقىنلارنىڭ تېگى بەزىلىرى ئۇيۇل تاشلىق، بەزى يەرلىرى تاش ـ شېغىللارنىڭ قېلىن قاتلاملىرى بولغانلىقتىن، سىڭىپ كېتىش ئەھۋالىمۇ ئېغىر ئەمەس. سىڭىپ كەتكەنلىرى بولسا مەلۇم جايلارغا كەلگەندە ئېتىلىپ چىقىپ، يەنە چوڭ ئېقىنلارغا قوشۇلىدۇ. «ئىبراھىمكۆل» 9 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە بىر قەۋەت مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا، بۇ مۇز كۆل سۈيىنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى توسۇيدىغان بىر قەۋەت تەبىئىي يېپىنچىلىق رولىنى ئوينايدۇ.

«ئىبراھىمكۆل» نىڭ ھاۋا رايى ئىنتايىن ئۆزگىرىشچان، تېمپېراتۇرىسى تۇراقسىز. كېرىيە بوستانلىقى بىلەن تېمپېراتۇرا، كىلىمات پەرقى خېلى زور. 1971 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

بارىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، كۆلنىڭ سۇ چىقىش ئېغىزىدىن بىر نەچچە تاغار ياغاچ كۆمۈرىنى ۋە ئالما قاتارلىقلارنى قويۇپ بېرىپ، ھەر قايسى چوڭ ـ كىچىك دەريا ئېقىنلىرىنىڭ تۆۋەن قىسمىدا كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشتەك ئاددىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، «ئىبراھىمكۆلى» دىن چىقىۋاتقان سۇنىڭ كىرىيە دەرياسىغا قۇيۇلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. دەرۋەقە، ئۇ چاغلاردا بۈگۈنكىدەك ئۆلچەش، سىزىش، تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋە تېخنىكا يوق ئىدى. شۇنىڭدەك مەنچىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچى چىرىك ھاكىمىيەت بۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىش قىلىدىغانلارنىڭ پېيىنى قىرقاتتى. مۇسا بەگ، ئىبراھىم بەگ قاتارلىقلارنىڭ كىرىيەنىڭ سۇيىنى كۆپەيتىش يولىدىكى ھەرىكەتلىرى گەرچە چوڭ نەتىجە بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ، ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يۇرتى ۋە خەلقىنىڭ غەم ـ قايغۇسى، مەنپەئىتى يولىدا ئېلىپ بېرىلغان دادىل ئىزدىنىشتۇر. ھېچبولمىغاندا، ئۇلار كېيىنكىلەر ئۈچۈن بىر چىغىر يول ئېچىپ بەردى.

خەلقنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا رېئاللىققا ئايلاندى. كوممۇنىزىم تېغىدىكى سۇ مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشى دۆلەتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر قانچە قېتىم ئېلىپ بېرىلدى ۋە مۇھىم ئىلمىي ماتېرىياللار توپلاندى. ئاشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا كۆپلىگەن سۇ ئىنشائاتلىرى ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن سۇدىن پايدىلىنىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، بوستانلىقلارنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىش ئارقىلىق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ياخشىلاندى. ئۆتكەن ئەسىردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلىنىپ، روھىناتى

ئامبارلىرىنىڭ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەردىكى ئەمگەكچى خەلق تەبىئەتنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا شۈكۈر - قانائەت قىلىپ ياتماي، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ سۇدىن ئىبارەت بۇ ھاياتلىق ئەڭگۈشتەرىنىڭ مۇھىملىقىنى ئاللىقاچان بىلگەن. ئۇلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە باتۇر قوللىرى بىلەن نۇرغۇن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ياساپ، كۆئىنلۈن تېغى ئەۋەتكەن بۇ ئابى ھاياتتىن ئۆز مەنپەئەتلىرى يولىدا ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. يېقىنقى زامانلاردىن ئالدىغان بولساق، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن كېرىيەنىڭ غەيرەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر ھاكىمى مۇسا بەگ تەكلىماكانغا دادىل يۈرۈش قىلىپ بوز يەر ئېچىپ، ئاھالە كۆچۈرۈپ بىر مۇنچە چۆل - جەزىرىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئاۋاتلاشتۇرغان. ناھىيىمىزنىڭ ھازىرقى قارىقى، يېڭىۋاغ قاتارلىق يېزىلىرى مۇسا بەگ تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن.

مۇسا بەگ بوز يەر ئېچىپ يېڭى كەنت ۋە تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى بەرپا قىلىپلا قالماي، يېڭى سۇ مەنبەلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، كېرىيەنىڭ سۈيىنى كۆپەيتىش، تېخىمۇ كۆپ بوستانلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىش مەقسىتىدە، ئۆز قېرىندىشى ئىبراھىم بەگ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى كۆئىنلۈن تاغلىرىغا بىر قانچە نۆۋەت ئەۋەتكەن. ئىبراھىم بەگ ۋە ئۇنىڭ ئەترىتى ئادەمىزات ئايىقى ئىز باسمىغان تاغلاردا مىڭ بىر مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، دەريا - ئېقىنلارنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، ئاخىر سۇ مەنبەلىرىنى ئېنىقلاپ چىققان. «ئىبراھىمكۆل» شۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى نامسىز تەبىئىي كۆل ئىدى. كېيىن ئىبراھىم بەگنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، پۈتۈن كېرىيە خەلقىگە تونۇشلۇق بولغان. ئىبراھىم بەگ، «ئىبراھىمكۆلى» دىن چىقىۋاتقان سۇنىڭ نەگە ئېقىپ


# كىرىيەنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەسلىمە

ئابدۇقادىر تۇرسۇن

ناھىيىمىز كىرىيە - تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي، قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، قەدىمىي يىپەك يولى غول لىنىيىسىگە جايلاشقان. تارىختا يۇتيەنگو (كىرىيە پادىشاھلىقى) نامى بىلەن جاھانغا تونۇلغان بىر قەدىمىي ماكان بولسىمۇ، تاكى 1933 - يىلىغىچە بىرمۇ پەننىي مەكتەپ قۇرۇلمىغان، دىنىي مەكتەپلەرلا كەڭ ئومۇملىشىپ كەتكەنىدى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا چىرىك ھاكىمىيەتلەر «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنى قۇل قىلىپ، ياخشى باشقۇرغىلى بولىدۇ» دەپ قارايتتى. شۇ سەۋەبتىن، پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەشكىلا كۆڭۈل بۆلەتتى. مەسىلەن، 1830 - يىللىرى كىرىيەگە ئەمەلدار بولۇپ كەلگەن شى لوزۇڭ كىرىيەدە جۇڭگو بىناكارلىق ئۇسلۇبى بويىچە 140 ئېغىزلىق ئامبال مەھكىمىسىنى سالدۇرغان. بۇ چوڭ قورۇلۇش كۆركەم تۆت چوڭ باغچىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىگە 15 مېتىر ئېگىزلىكتىكى راۋاق بىنا قىلىنغان. بۇنى ئامبال ئوردىسى قىلىپ بېكىتكەن. شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە 90 ئېغىزلىق بوجاجى يامۇلى (ئادەم سولايدىغان ئورۇن)، 30 ئېغىزلىق نەسھەتخانا، غەربىي تەرىپىگە ئون نەچچە

خاتىرجەملىك تاپتى. كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت يارىتىدىغان ۋە تەۋەرۈك بولىدىغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى قالدۇرۇلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭنى ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش چاقىرىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش داۋامىدا كوئىنلۈن تېغىدىكى سانسىزلىغان تەبىئىي سۇ ئامبارلىرى جۈملىدىن «ئىبراھىمكۆل» ئۆز قوينىدىكى سۇدىن ئىبارەت ئېسىل بايلىقىنى بۇ ئۇلۇغۋار ئىش يولىدا خەلققە تەقدىم قىلغۇسى.



ئاخىرىغا كەلگەندە، كېرىيەنىڭ كونىشەھەر بازار كوچا دېگەن يېرىدە تۇنجى بولۇپ خەنزۇچە مەكتەپ (شۆتاڭ) قۇرۇلدى. كېيىن مەكتەپ ئورنىدىكى راۋاق ئىچىگە ئورنىتىلغان بۇت - ھەيكەللەرنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن، شەھەرنىڭ قارلۇق ئۆستەڭ بويىدىكى چوڭ يولنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يەنە بىر شۆتاڭ سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى شۇ يەرگە يۆتكىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن مۇغاللىدا يەنە بىر خەنزۇچە مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەرگە مەتسەيدى بەگ، جاڭ لوسى، تۇسۇنبەگ لوسى، بەي لوسى دېگەن كىشىلەر ئوقۇتقۇچى بولغان. قارلۇق ئۆستەڭ بويىدىكى جاڭ لوسى مەسئۇللۇقىدىكى مەكتەپتە ئون نەچچە سىنىپ بار ئىدى. تۇرسۇنبەگ لوسى مەسئۇللۇقىدىكى مۇغاللا مەكتەپتە ئالتە سىنىپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار بولۇپ، قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ بالىلىرى ئىدى. ئۇلار خەنزۇ بالىلار بىلەن ئارىلاش ئوقۇتۇلاتتى. ئوقۇتۇشتا، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش ئاساس قىلىنىپ، باشقا پەنلەر قوشۇمچە دەرس سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلەتتى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى گەسلىدە تۆت يىل ھېسابلانسىمۇ، لېكىن خەنزۇ تىل - يېزىقى ۋە باشقا پەنلەرنى پىششىق ئوقۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلىسىلا، ئاندىن مەكتەپ پۈتتۈرگەن ھېسابلىنىپ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىناتتى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەر ئۆتكەنگە قەدەر قايتا ئوقۇيتتى.

شۆتاڭدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىق راسخوتلىرىنى ھۆكۈمەت چىقىم قىلىپ بېرىشتىن سىرت، يەنە ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا يىلدا ئىككى قېتىم كىيىم بېرىلەتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلارغا ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ئالۋاڭ - سېيسى قويۇلسا، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى رەت قىلالايتتى. چۈنكى ئۇلار ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىدە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئەمەلدار بولىدىغان

مېتىرلىق ئېگىز سېپىل سوقتۇرۇپ، 60 ئېغىزلىق لەڭزە سالدۇرغان. بۇ يەردە 400 دىن ئارتۇق قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان. شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يېڭى بازار دېگەن يەرگە ئۈچ ئورۇندا ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ، 150 ئېغىزلىق ئىبادەت قىلىدىغان بۇتخانا سېلىنىپ، ھەر خىل ھەشەمەتلىك ھەيكەللەر ساقلانغان. شەھەر 40 دەرۋازا بىلەن بېكىتىلىپ، مەركىزىي ئورۇندىكى بەش چوڭ دەرۋازىغا يانداپ، كېچىسى شەھەرنى مۇداپىئە قىلىدىغان ئىككى قەۋەتلىك دېڭزا (كۆزىتىش راۋىقى) سېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، شەھەر ئەتراپلىرىغا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل قۇرۇلۇشلار سېلىنغان. بەگزادىلەر قورال كۆچىگە تايىنىپ، خەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن. كەڭ خەلق بولسا، نادانلىق ئىچىدە خانىۋەيران بولۇپ ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككەن.

ئېزىش ـ ئېكسپىلاتاتسىيە قانچە ئېغىرلاشسا، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرەشلىرى شۇنچە ئاشىدۇ. 1931 ـ يىلى قومۇلدىن باشلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭى تېز سۈرئەت بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭىيىپ، 1933 ـ يىلىغا كەلگەندە كېرىيەدىمۇ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، يەرلىك چىرىك ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قوزغىلاڭ توققۇز ئايغا بارمايلا مەغلۇپ بولدى. لېكىن بۇ قوزغىلاڭنىڭ تەسىرى بىلەن خەلقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىر قېتىم نامايان قىلىنىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ھەيۋىسى چاك ـ چېكىدىن بۇسۇلۇپ، كاللىسى خېلى سەگىپ قالدى. ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ناھىيىلىرىدە يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، 1933 ـ يىلىنىڭ

قۇربانبەگ، دەي بوشەن، با بوچىلىڭ، نىياز بەگ، جاڭ زىلىن، شې يىچى، ئىمىن بەگ، جاۋ دۇسىن، بەي زىچى قاتارلىقلار تۈنجى قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە خىزمەت قىلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئازادلىقنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۆلۈپ كەتتى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە سوۋېت روسىيىسىگە يېقىنلىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئالداپ قايمۇقتۇرۇش مەقسىتىدە، ئاتالمىش «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» دېگەن بىر نېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ ئاساستا «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇپ ئۆز پائالىيىتىنى جانلاندۇردى. 1937 - يىلى 4 - ئاۋغۇستتا كېرىيەدىمۇ «كېرىيە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇپ، كېرىيە خەلقى ئۆزىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتىغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن يەن - مەدەنىيەت ئىشلىرى يېڭىۋاشتىن گۈللىنىشكە باشلىدى.

«كېرىيە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇش جەريانىدا، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن زىيالىيلاردىن ئۇيۇشما رەئىسى ئابدۇغېنىجان (ئۆزبېك)، ياسىنوپ (ئۆزبېك)، ئابدۇقادىر كېرىمى، ھەلىموپ، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جۇيجاڭ قاتارلىق كىشىلەر ناھىيىمىزگە كېلىپ، بىر ئاي ئومۇمىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ

نوپۇزلۇق كىشىلەر ھېسابلىناتتى.

مەكتەپتە خەنزۇ تىلىدىن باشقا شېئىر ۋە تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۈلەتتى. بولۇپمۇ چېرىك ھاكىمىيەت تەربىيىسى بۇ مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئاساسى قىلىنىپ، «تەشكىلىي ئىنتىزامغا قەتئىي بويسۇنۇپ، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، ياخشى ئوقۇساڭلار، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەرقايسى مۇھىم ئورۇنلاردا ئەمەلدار بولىسىلەر، ئەمەلدار بولساڭلار، ھاياتىڭلار راھەت - پاراغەتتە ئۆتىدۇ. ئىناۋىتىڭلار يۇقىرى بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى سۆزلەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلەتتى. مەكتەپ ئىنتىزامى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئازراق مەسىلە سادىر قىلىپ قويسا، دوم ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۈچ قىرلىق تاياق بىلەن ساغرىسىغا ئەللىك - ئاتمىشنى ئۇراتتى. ئەگەر مەكتەپتىن قېچىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، قاچقان ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوتتۇز - قىرىق سەر كۈمۈش ياكى شۇنىڭ قىممىتىگە باراۋەر كېلىدىغان مال - مۈلۈكنى مەجبۇرىي تۆلەيتتى. بىراق مەكتەپنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامى كۈچلۈك بولغان بىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقى بىلەن كارى بولمايتتى. شۇ سەۋەبتىن، شۆتاڭنىڭ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرى سىرتلاردا تولىمۇ ئەركىن بولۇپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۇرىدىغان، ۋاقىت تاپسىلا يېقىن ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلغاچقا، خەلق بۇ ئوقۇغۇچىلارغا نەپرەت بىلەن قارايتتى. ئۇلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشىغا ئۇچرىغان كىشىلەر ئۇلار ئۈستىدىن ئەرز قىلسا ھېچكىم سورىمايتتى.

بۇ ئىككى شۆتاڭدا ئۇيغۇر بالىلىرىدىن سابىمىن، قۇربانسەن،

ئۆي - ئىمارەت، ئورمان، ۋەخپە يايلاق ۋە نىيە ناھىيىسىدىكى ئىمامى جەففىرى سادىق مازىرىنىڭ 6000 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىسى قاتارلىقلار «كېرىيە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئىقتىسادى مەنبەسى ئىدى. بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدىن بەلگىلىك بويىچە ئىقتىسادي كىرىم يىغىلىپ تۇراتتى. يىغىلغان كىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. ھۆكۈمەتتىن ئىقتىسادي جەھەتتە ھېچقانداق ياردەم بېرىلمەيتتى.

كېرىيە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆزىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن شەھەر ئىچى يېڭىبازار مەھەللىسىدە 12 سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالغان ھەم ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن ئوقۇتقۇچى بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ۋىلايەتتىن بېرىنچى قەدەمدە، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن مۇھەممەتئىمىن سابىت ھاجى، مۇھەممەتتىرىھىم ئىسمايىل قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار كەلگەن. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن، شەھەر رايونىدا پەن - مەدەنىيەت ۋە مائارىپنىڭ ئەھمىيىتى، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ناھايىتى جانلىق تەشۋىق قىلغاندىن كېيىن، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۈسمۈر باللار بىر - بىرلەپ قېچىپ كېلىپ، يېڭى پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا باشلىغان. 1938 - يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەتنىڭ تەقسىماتى بويىچە قاغىلىق ۋە خوتەنلىك زىيالىيلاردىن مامۇت ئەييۇپ، ئابدۇللا ھاپىز، مۇھەممەت كېرىم، ئابدۇقادىر ھاجى، مامۇت نىياز، قەييۇم ھوشۇر، ھەسەن بەكرى، ئابدۇغوپۇر ھاجى، تۇرغۇن يۇسۇپ، ياسىن روزى ھاجى، ھەمدۇللا قۇربان، مەتتۇرسۇن يۇسۇپ قاتارلىق 20 نەچچە كىشى كېرىيەگە يېتىپ كېلىپ، ئۇيۇشما ۋە

مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، «ئۇيۇشما» غا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلار ئۈستىدە پۇختا تەييارلىق قىلىپ، مۇتىۋەر دىنىي زاتلار ھەم ھەرقايسى ئەللەرگە سودىگەرچىلىك ۋە باشقا ئىشلار بىلەن زىيارەت قىلىپ، جاھان پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى كۆرۈپ چۈشەنگەن تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەردىن مەتتۇرسۇن ئەلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇراخمان قارىم، ئابلاخان غوجام، مەتتوختى ئەلەم ئاخۇنۇم، ئابلا رەئىس ئاخۇنۇم، ھاجىئاخۇن باي، تۇرسۇنئاخۇن باي، سىدىققاخۇن باي، ئابدۇقادىر ھاجىم قاتارلىقلارنى نامزات قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، مەھكىمە شەرئىيدىن ئابدۇللا رەئىس ئاخۇنۇمنى رەئىسلىككە، ئابدۇقادىر كېرىمى دېگەن كىشىنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىغان. ھاجىئاخۇن باي، ئىمىن بەگ، تاشتۆمۈر نائىپ ئاخۇنۇملار ھەيئەتلىككە سايلانغان. ئۇيۇشمىنىڭ قارىمىقىدا كاتىبات بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى، مەدەنىيەت بۆلۈمى، مالىيە - بوغالتىرلىق بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، ئامبارچى ۋە خوجىلىق بۆلۈمى قاتارلىق ئالتە بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. مەن ئۈچ يىل ئۇيۇشمىنىڭ بوغالتىرى بولغانىدىم.

بۇ مەزگىلدە كېرىيە يەتتە رايونغا بۆلۈپ ئىدارە قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر رايونغا بىردىن باش ئاشىر، ھەر بىر كەنتكە بىردىن مەسئۇل ئاشىر قويۇلغانىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يىغىشقا تېگىشلىك بولغان نەرسىلەر مۇشۇ ئاشىرلار ئارقىلىق يىغىلاتتى. شۇ ۋاقىتتىكى بەلگىلىمە بويىچە، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئون چارەككە بىر چارەك، چارۋىلاردىن قوي، كالا، تۆگە قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىر تۇرىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 40 تۇياقتىن بىر تۇياق ئۆشرە ئېلىنىپ، ئۇيۇشمىغا تاپشۇرۇلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، چوڭ - چوڭ مەسچىت، مەدرىسە، چوڭ - كىچىك مازار، لەڭگەر، خانىقا ۋە ئەۋلادى ۋەخپە مۈلۈكلەر ھەم ۋەخپە چارۋا،

ئومۇمىي مەكتەپ سانى 76 گە يەتكەن. ھەر بىر رايوندىكى مەركىزىي مەكتەپ ھەم يېزا ـ كەنتلەردىكى مەكتەپلەرنىڭ بارلىق راسخوتلىرى 270 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىش ھەققى راسخوتلىرى، ھەم «ئۇيۇشما» دارىلئېتامغا يىغىپ تەربىيىلىگەن 100 دىن ئارتۇق يېتىم ـ يېسىر ئوقۇغۇچىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك راسخوتلىرى، شۇنىڭدەك بارلىق مەكتەپلەرنىڭ قىشلىق گىسىنىش راسخوتى ھەمدە قۇرۇلۇش، رېمونت، پارتا ـ ئورۇندۇق راسخوتلىرى، سانايى نەفىسە راسخوتلىرى ۋە كاماندىروپكا راسخوتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تولۇق ئۈستىگە ئالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلاردا يەن ـ مائارىپ ئىشلىرى تېز راۋاجلىنىپ، خۇشاللىنارلىق يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

يۇقىرىقىدەك تەرەققىياتلارغا ئەگىشىپ، يەنە ھەرقايسى رايونلاردا چوڭلار مائارىپ كەچ كۇرسى ئېچىلغان. ھەتتا يېزا ـ كەنتلەردىمۇ يولۇچىلارغا خەت ئۆگىتىش قارا دوسكىلىرى ئورنىتىلىپ، ساۋات چىقىرىش دولقۇنى بارلىققا كەلگەن. مەكتەپلەردە ساۋات چىقىرىش، تىل ئۆگىنىش، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇڭگو جۇغراپىيىسى، شېئىر، تەنتەربىيە دەرسلىرى ئۆتۈلگەن. بۇنىڭدىن سىرت، يېزا ـ كەنتلەردىكى مەكتەپلەردە قوشۇمچە دىن دەرسى بېرىشكە بىردىن دىنىي ئاخۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ى، شىنجاڭ بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن «12 ـ ئاپرېل» ئاتالمىش «ئىنقىلابىي كۈن» نى قۇتلۇقلاپ، ھەر يىلى 10 كۈن داغدۇغىلىق بايرام پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. ناھىيە بويىچە پۈتۈن مەكتەپلەر بىر يىل تەييارلىغان ھەر خىل گىمناستىكا، شېئىر ئوقۇش، سەپ تۈزۈپ مەشكە دەسسەش تۈرلىرى بويىچە گىمناستىكا كۆرەكتىن ئۆتۈپ، باھالاپ

مەكتەپنىڭ شتاتى تولۇقلاندى. كېرىيە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ناھىيىنىڭ پەن ـ مائارىپ ئىشلىرىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفۇنۇنىنى ئوقۇغان ھاجى ياقۇپ، ئابدۇغوپۇر ياسىنوپ، ئابدۇراخمان ھىدايوپ، ئابدۇللا باقىيوپ قاتارلىق داڭلىق زىيالىيلارنىڭ ياردىمى بىلەن، ھەر يىلى تۆركۈمگە بۆلۈپ، خوتەن ئوتتۇرا مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ، نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. شۇ ۋاقىتتىكى كېرىيەنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ھاكىمى ئەخمەتجان مەخسۇم (ئۆزبېك) كېرىيەنىڭ پەن ـ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر بىر رايون، يېزا ـ كەنتلەردە يىغىن ئېچىپ تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر بىر يۇرتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەتنى چۈشەنگەن باي ـ زەردارلىرى ھەم خەلقپەرۋەر زاتلار ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، بەس ـ بەس بىلەن مەكتەپ سېلىپ، ئۇيۇشما نامىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. مەسىلەن، قارلۇق كەنتىدىن بەردىئاخۇن باي شەھەر قارلۇق ئۆستەڭ بويىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە 12 ئېغىزلىق سىنىپ سېلىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئالتىنچى رايون (قارقى يېزىسى) دىن دۆلەتنىياز بەگ (1932 ـ، 1933 ـ يىللاردىكى كېرىيە ھاكىمى) نىڭ ئوغلى قادىر بەگ ئالتە سىنىپلىق مەكتەپ سېلىپ بەرگەن. ئويتوغراق ئارا ئۆستەڭدىكى مەتنىياز ھاجىم 10 سىنىپلىق مەكتەپ سېلىپ بەرگەن.

بۇ ۋاقىتتا، ئۇيۇشمىنىڭ ئىقتىسادىمۇ كۈنسېرى گۈللەنگەنلىكتىن، ھەرقايسى رايون، يېزا، كەنتلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن مەكتەپلەرنى سالدى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە

ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇپ، خەنزۇ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئىزدەندى، سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ سەھنىلەردە كۆرسەتكەنىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. شۇنىڭدەك ھەرقايسى جايلاردا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. دېموكراتىك كۈچلەر ۋە ئىلغار ئىدىيىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنى باستۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى تېررورلۇق ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويىدى. شىنجاڭدا بولسا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار خەلقنىڭ يەن - مەدەنىيەت ئىگىلەپ، كۆزىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، مەدەنىيەت مائارىپ ئورۇنلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە قىسىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسىدىن مەھرۇم قىلىپ، پائالىيەتلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، كىرىيەدىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆز تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولماي تۇرۇپلا، بارلىق پائالىيەتلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

سېلىشتۇرۇلۇپ، دەرىجە بويىچە مۇكاپات تارقىتىلاتتى. بۇ بايرامغا ناھىيە، رايون، يېزا ـ كەنتلەردىكى ھەر ساھە كىشىلىرى، شۇنىڭدەك تىجارەتچى، ئاشپەز، ناۋاي قاتارلىقلار بولۇپ 20 مىڭدەك كىشىدىن باشقا، ھەرقايسى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان 2000 ئوقۇغۇچى تولۇق قاتناشتۇرۇلاتتى. ناھىيىنىڭ ھەرقايسى ئىدارە ـ جەمئىيەت خادىملىرى ۋە قوراللىق قوشۇنلارمۇ قاتنىشاتتى. بۇ بايرام پائالىيىتى كىرىيە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ئوتلاق مەيداندا ئۆتكۈزۈلەتتى.

1939 ـ يىلىغا كەلگەندە، كىرىيە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مائارىپ ئىشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، قارلۇق ئۆستىڭىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئاۋات رەستىگە (ھازىرقى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ كەينى ھەم ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) 2000 ئادەم سىغىدىغان ھەشەمەتلىك چوڭ كۇلۇب سالغان ھەمدە ئۆز قارىمىقىدىكى سانائىي نەفىسە ئەترەتلىرىنى يېڭىۋاشتىن تەرتىپكە سېلىپ، ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ئاسىيالىق تالانتلىق سەنئەت ئۇستىسى ۋاسىلخان مەخسۇم (ئۆزبېك) دېگەن كىشىنى مەسئۇل قىلغان. ئۇلار ھەر ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتەتتى. جۈملىدىن «شائىخەي كېچىسى»، «باتۇر ئىرادە»، «يوغان قورساق شائىزۇڭ»، «غېرىب ـ سەنەم»، «ئايخان»، «تۇيۇقسىز زەربە»، «شاۋاز بورخۇن»، تۈرلۈك كونسېرت، كومېدىيە قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى كۆرسىتەتتى.

مۇشۇ مەزگىلدە، يەنى 1939 ـ يىلى كىرىيەدە خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىمۇ قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشما كىرىيەدىكى ئىلگىرى قۇرۇلغان تۆت گورۇندىكى بوتخانىنىڭ يېزا ـ كەنتلەردىكى «خەنى يەر» دېگەن نامدىكى يەر ـ زېمىن ۋە ئۆي ـ ۋاقلىرىنى

قىلاتتى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، باشقا جايلار بىلەن بېرىش - كېلىشتە (مەيلى يىراق بولسۇن ياكى يېقىن بولسۇن) تۆگە، ئات، ئېشەكتىن ئىبارەت قالاق قاتناش ۋاستىلىرىغا تايانغانلىقى ئۈستىگە، بىپايان دەشت - چۆللەردىن، سايلاردىن، خەتەرلىك تاغ - ئېدىر ۋە جىلغىلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. مۇساپە ئۇزۇن، يوللار ئىپتىدائىي ھالەتتە بولغاچقا، ئېزىپ قالماسلىق ئۈچۈن ھوشيارلىق بىلەن يولنىڭ ئىزناسىنى تېپىپ مېڭىشقا، بەزىدە كۆچلۈك پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا تايىنىشقا، بىرنەچچە كىشى ھەمراھ بولۇپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ھاكىمىيەت بېشە تۆرىغانلار سودىگەرلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيتتى.

قاتناش شارائىتى ناچار بولغاچقا، خوتەنگە بېرىش ئۈچۈن تۆت كۈن، قەشقەرگە بېرىش ئۈچۈن خوتەندىن ئون كۈن، ئۈرۈمچىگە ئۈچ ئاي، باشقا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ كېلىش سەپىرى ئۈچۈن بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىناتتى.

ناھىيىمىزدىن سىرتقا چىقىرىلىدىغان سودىگەرلەر ئالتۇن، كۈمۈش، يامبۇ، خام، تالىما، سەرگەز، چەكمەن، شەتلەنگە، تاغار، خۇرجۇن، ھەر خىل قۇرۇق يەل - يېمىش، خام مەشۈت، پىلە غوزىسى، چارۋا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە ئاشلىق ئېلىپ چىقاتتى.

ناھىيىمىزگە خوتەندىن شايى، ئەتلەس، بەقەسەم، قارىقاش تېرىكىسى، گىلەم ئېلىنىپ كېلىنەتتى. قەشقەردىن ھەر خىل گەزمال، موم، چىنە - چەينەك، قەنت، ناۋات، شېكەر، تۆمۈر، مىخ، قۇللاپ قاتارلىق نەرسىلەر ئېلىپ كېلىنەتتى. ئۈرۈمچىگە بېرىشنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا، دەسمايە كۆپ كېتەتتى. شۇڭا ئالاھىدە سانالغان تىجارەتچىلەر 50 ئۇلاغ مال تەييارلاپ، ئاندىن

# ئازادلىقتىن بۇرۇنقى سودا ـ تىجارەت ئەھۋالى توغرىسىدا ئەسلىمە

تۇرسۇن قادىر ھاجى

ناھىيىمىز كېرىيە خېلى بۇرۇنلا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودا تىجارەتنى يولغا قويۇپ نامى چىققان ناھىيىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ناھىيىمىزنىڭ سودىگەرلىرى قاتناش شارائىتىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي، قېرىنداش ناھىيىلەرگە، ئىچكى ئۆلكە، شەھەرلەردىن شاڭخەي، سۇجۇ، تىبەتلەرگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق چەت دۆلەتلەرگە بېرىپ، ناھىيىمىزنىڭ يەرلىك، ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارلارغا چىقىرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەكچان، ئەقىللىق، مەدەنىيەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ، ئۇ يەرلەردىن سانائەت ماللىرى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئاللىبۇرۇنلا بازار سودىسى ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنى باشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىقى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ تەدرىجىي يۈكسەلگەنىدى. سودا ـ تىجارەت يولى بىلەن بېرىش ـ كېلىش ئارقىلىقلا دۇنيا ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولاتتى. ناھىيىمىزدە نامى چىققان تىجارەتچىلەر 25 ئائىلىدىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇلار ئومۇمەن بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن يۆتكىلىپ تىجارەت

ئەنجانغا ماتا، قوزا كۆرپىسى، تۈلكە تېرىسى، ئالتۇن، كۈمۈش ئېلىپ بېرىپ، چىنە - چەينەك، تارغاق، ئۇپا - ئەڭلىك، تاۋار - دۇردۇن ۋە جۇڭگودا ئىشلەنگەن قارا چاي، تاش چاي، ئاق چاي، پەمىل چاي قاتارلىقلار يۆتكەپ كېلىنەتتى.

ناھىيىمىزنىڭ مال باھا ئەھۋالى، پۇلنىڭ قىممىتى ۋە دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن بۇغداينىڭ باھاسى بىرلىك قىلىناتتى. بىر كەتمەن 15 چارەك، بىر جىڭ قەنت - شېكەر ئىككى چارەك، بىر مېتىر چىت ئىككى چارەك بۇغداي ياكى شۇ مەزگىلدىكى بۇغداينىڭ سېتىلىش باھاسى بويىچە پۇلغا ئالماشتۇرۇلاتتى. سودىگەرمۇ ئاز، يۆتكەپ كېلىنگەن ماللارمۇ چەكلىك بولغىنى بىلەن خەلق تۇرمۇشى ياخشى بولمىغاچقا سودا ئىشلىرىدا جىددىيلىك كۆرۈلمەيتتى.

قېرىنداش ناھىيىلەر ئارا قىلىنغان تىجارەتكە دەسمايىمۇ كۆپ كەتمەيتتى. پايدىمۇ ئاز كۆرۈلەتتى. يىراق سەپەرنىڭ دەسمايىسى كۆپ ئىدى. ساق - سالامەت ئۆز ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلىسە، ئاسان بېيىپ كەتكىلى بولاتتى. ئەگەر كاسات بازارغا ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا، ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمەيلا قالماستىن، دەسمايىدىنمۇ ئايرىلىپ نامراتلىشىپ كېتەتتى. ئاكام نۇرمۇھەممەت ئەسلىدە خېلى باي سودىگەر بولسىمۇ، كاسات بازارغا يولۇققانلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن 55 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر پارچە كىچىك سايغا لاي ئېقىتىپ، يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، قايتا ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشكەن، ھازىر ئۇ يەر بىر كىچىك كەنت بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ناھىيىمىز خەلقى ئۇ يەرنى نۇر مۇھەممەت ئاكامنىڭ نامىدا نۇرمەممەت لايقىسى دېگەن ئىسمىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتاپ كەلمەكتە.


ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئىجتىمائىي كېپىياتنىڭ

يولغا چىقاتتى. ئېلىپ بارىدىغان ماللار گىلەم، خوتەن قەغىزى ۋە ھەر خىل قۇرۇق يەل ـ يېمىش بولۇپ، كىراكەشلەر 50 ئۇلاغ مالدىن 40 ـ 45 ئۇلاغ مالنى ساق تاپشۇرۇپ، قالغان قىسمىنى ئۆزلىرى سەرپ قىلسا، ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ چارچاپ، يېغىر بولۇپ، ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، يەم ـ خەشەك، خەرج ـ خىراجەتنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى باھانە كۆرسەتسە، مال ئىگىسىمۇ بارىغا شۈكۈر قىلىپ رازىلىشىپ كېتەتتى. ئۇرۇمچىدە ماللار لىلاڭ پىياۋغا سېتىلاتتى. ئەمما ئۇ پۇل قەشقەردە ئۆتمىگەچكە، ئۇنى قەشقەر تىيزىسىغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بانكىدا نۆۋەت ساقلاپ، ئىككى ـ ئۈچ ئاي يېتىشقا توغرا كېلەتتى. ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سودىگەرلەر شاڭخەي، سۈجۇ، ھىندىستان، ئەنجان قاتارلىق جايلارغا سودا كارۋىنىنى باشلاپ بارالايتتى. ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىنمۇ بەزى سودىگەرلەر ناھىيىمىزگە مال ئېلىپ كېلىپ، كېتىش سەپىرىدە يىپەك شايى، ئەتلەس، كۆچا چەكمىنى، گىلەم، كىگىز، جايناماز، ھەر خىل قۇرۇق يەل ـ يېمىش قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېتەتتى.

سېتىلىدىغان ماللارنى يۆتكەش مەزگىلىدە باج ئىشلىرى ئورگانلىرىغا مەلۇم قىلىناتتى. ئۇلار ماللارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ماللار قاچىلىنىپ تېڭىقنىڭ تىكىشلىرى ۋە تاغارنىڭ ئاغزىغا خەت يەملەپ تامغا بېسىلاتتى. يولغا چىققاندىن كېيىن بارىدىغان جايغىچە يەملەنگەن خەت، بېسىلغان تامغا ئېھتىيات بىلەن ئاسرىلاتتى. يېتىپ بارغان جايدىمۇ ئالدى بىلەن باج ئىشلار تارماقلىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە مەلۇم قىلىنىپ، شۇلارنىڭ رۇخسىتى ئارقىلىق سېتىلاتتى. ئەگەر چاپلانغان ئىسپات يىرتىلىپ كەتسە باج ئىشلار تارماقلىرى خالىغانچە جەرىمانە قويسا، تۆلىمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئادەمسىز چۆلگە ئوخشاپ قالغانىدى.

تۇڭگانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، كىرىيە خەلقى خاتىرجەم ياشاش ئۈمىدىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۈمىد يېنىپ ئۆچكەن چىراقتەك قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز يوقالدى.



قالايمىقانچىلىقىمۇ سودا ئىشلىرىنى راۋان يولغا قويۇشنىڭ كۈچلۈك توسالغۇسى ئىدى، تۇرسۇن شائىر ۋۆك ۋە ھەسەنئاخۇنۇملارنىڭ چارقىلىق بىلەن دۆڭخۇاڭ ئارىلىقىدا بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن پۇل - ماللىرى تارتىۋېلىنغان. ھاشىمئاخۇن قازان چارقىلىق بىلەن دۆڭخۇاڭ ئارىلىقىدا بۇلاڭچىلار بىلەن قوراللىق ئېلىشىپمۇ تەڭ كېلەلمەي ئېتىلىپ كەتكەنىدى. جاڭالدىن ھاجىم دۆڭخۇاڭ تەرەپنىڭ خاتىرجەم ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەنجانغا يۈك تارتىپ ماڭغان بولسىمۇ، ئوخشاشلا بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ماللىرى بۇلاپ - تالانغان.

تىجارەتچىلەرمۇ دېھقان - چارۋىچىلارغا ئوخشاش ئالۋاڭ - سەيسە تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئۈچۈن سېرىق كاجى، خام خەسە، ئات تاقىلاشقا تۆمۈر، ئەسكەر باشلىقلىرىغا پاپىرۇس (زىيەن) تاپشۇرۇش ۋەزىپىلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چۈشۈرۈلۈپ، ۋاقتى - قەرەلسى ئىچىدە يىغىۋېلىناتتى. ھەتتا بەزى چاغلاردا سەيسىنىڭ كۆپلۈكىدىن دۇكاندارلار دۇكانلىرىنى تاقاپ، باشقا يۇرتلارغا كېتىۋالىدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

تۇڭگانلار ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە ئازاب - ئوقۇبەت تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، دۇكاندارلار ئاساسەن تىجارەت قىلالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان، ھەتتا بازارغا كىرگەن كىشىلەرنىمۇ ساقچى، ئەسكەر باشلىقلىرى ئالدىنى توسۇپ، خوتەن قەغىزىگە بېسىلغان پۇلنى ئالدىغا تاشلاپ، ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلايتتى. ئالماشتۇرالمىسا ئۇرۇپ ئۇستىخانلىرىنى چېقىۋېتەتتى. بۇ مەزگىلدە خەلق ئاممىسىنىڭ ھەممىسى دەردمەن بولۇپ، پۇل - ماللىرىدىن، بالا - چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىدىن ھەسرەت چېكەتتى، جۇملىدىن بازار ئىچمۇ

كېڭەش كومىتېتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن بولغان ئەزالارنى پائال ھەرىكەتلەندۈرۈپ، «سىياسىي جەھەتتە مەسلىھەتلىشىش، دېموكراتىك ئاساستا نازارەت قىلىش»، «ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش» رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەرقايسى نۆۋەتلىك قۇرۇلتايلىرىنىڭ روھى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەرقايسى نۆۋەتلىك يىغىنلىرىنىڭ روھى، شۇنداقلا ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يىغىن ـ چاقىرىقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، «كېڭىشىش، نازارەت قىلىش» فۇنكسىيىسىنى ناھىيىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇپ، ھەر ساھە خىزمەتلەر ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى شانلىق ئوبرازىنى بارغانسېرى كۈچلۈك نامايان قىلىپ كەلدى.

تۆۋەندە مەن سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بولغان ھەر نۆۋەتلىك ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ۋە خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

**1. سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى (1955.12 ــــ 1960.1)**

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

# كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ھەققىدە ئەسلىمە

**مەتروزى ئەخمەت**

كېرىيەدە، 1950 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. . .

1954 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە تۇنجى قېتىملىق ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن بولغان خەلق ۋەكىللىرى چوڭ يىغىنى چاقىرىلىپ، سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، پۈتۈن ناھىيە خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دەسلەپكى تەييارلىق ئاساسى تۇرغۇزۇلغان.

1955 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ نىزامنامىسى» نىڭ روھى ۋە يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەرقايسى ساھە ۋەكىللىرىنىڭ ئورتاق كېڭىشى ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، شۇنىڭدىن بۇيان سىياسىي كېڭەش 11 نۆۋەتلىك جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەم باستى.

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتى ئۆزىنىڭ 11 نۆۋەتلىك 42 يىللىق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي

كىشى سايلانغان بولۇپ، ئومۇمىي ئەزانىڭ 29.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئومۇمىي ئەزا ئىچىدىن پارتىيىلىكلەر 14 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 57 نەپەرنى؛ ئۇيغۇر 66 نەپەر، خەنزۇ 3 نەپەر، ئۆزبېك 1 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەرنى؛ ئەر 69 نەپەر، ئايال 2 نەپەرنى تەشكىل قىلغان.

## 2. سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى (1960.1 —— 1962.6)

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ سانلىق يىغىنى 1960 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە كېرىيە ناھىيە شەھەر ئىچىدە ئېچىلغان، يىغىنغا 12 ساھەدىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېت ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا 53 نەپەر، تەكلىپ بىلەن 17 نەپەر كىشى بولۇپ، جەمئىي 70 نەپەر كىشى قاتناشقان.

يىغىندا، ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياسىن بوۋاق ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىگەن. خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى قاسىم پاسار «ناھىيىمىز كېرىيەنىڭ خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا»، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئۇجىن «ھەر ساھەدىكى زاتلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ماۋجۇشىغا قەتئىي ئەگىشىپ، ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەرگەن. ياسىن بوۋاق ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ سانلىق يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزگەن. ئەزالار

1 - سانلىق يىغىنى 1955 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە كېرىيە ناھىيە شەھەر ئىچىدە ئېچىلغان.

بۇ يىغىنغا 12 ساھەدىن جەمئىي 71 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى يۈشەن «ھازىرقى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ھەم بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئورنى، ۋەزىپىسى، رولى. . . قاتارلىقلار ئۈستىدە ئەتراپلىق توختىلىپ ئۆتكەن. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر مۇزاكىرە داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي كېڭەشكە قاتنىشىپ، رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرىدىغان ئارزۇلىرىنى ئىزھار قىلىشقان.

يىغىن داۋامىدا دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا سايلام ئېلىپ بېرىلىپ، سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 71 نەپەر ئومۇمىي ئەزاسى ھەم بۇنىڭ ئىچىدىن 7 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ھەم 21 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلغان. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش لى يۈشەن رەئىسلىككە؛ مەممەت شېرىپ ئەلەم، مەتتوختى ئەلەم، ئابلەيخان ھاجى، روزىئاخۇنوم مۇنەججىم، قاسىم سەيدۇللا، سەيدى مەممەتخان ھاجى قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا يۇقىرىقى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا باۋۇدۇنئاخۇنوم مۇپتى، سوپىئاخۇن غوجا، جامالىدىن ھاجىم، ئابلىز ئاخۇنوم، ئابلاخان غوجا، مۇسراخۇن ئەلەم، ھەسەن قادىر، توختىئاخۇن ياڭاق، ئىسمايىلخان[1] قادىر خۇيسۇ، ئەمەت ھاجىم، ساۋۇر بارات، قاسىم پاسار، جاپپار رەجەپ قاتارلىق 21 نەپەر

① ئىسمايىلخان - كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ھاكىمى

1 - سانلىق يىغىنى 1962 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە كېرىيە ناھىيە شەھەر ئىچىدە ئېچىلغان. يىغىنغا 12 ساھەدىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 62 نەپەر ئەزاسىنى ئاساس قىلغان ھالدا، تەكلىپ بىلەن 31 نەپەر كىشى بولۇپ جەمئىي 93 نەپەر كىشى قاتناشقان.

يىغىندا، ھاكىم قاسىم پاسار ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىگەندىن كېيىن، مۇئاۋىن رەئىس ياسىن بوۋاق 2 - نۆۋەتلىك كومىتېت نامىدىن خىزمەت دوكلاتى، ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ رەئىسى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئۇجىمىن «ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىمىز» دېگەر تېمىدا، مۇئاۋىن رەئىس قاسىم پاسار «ناھىيىمىزدە پارتىيە مىللىي، دىنىي سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا دوكلات بەرگەن. ئەزالار خىزمەت دوكلاتىغا قاراپ چىقىپ مۇناسىپ قارار ماقۇللىغان.

يىغىن ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پىڭ دا ھەم ۋىلايەتلىك پارتكومدىن يەن شۇجىلار يېتىپ كېلىپ، ھەر ساھە زاتلاردىن ھال سوراپ تەبرىك سۆزى سۆزلىگەن.

يىغىن داۋامىدا دېموكراتىك ئاساستا سايلام ئېلىپ بېرىلىپ، سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 61 نەپەر ئومۇمىي ئەزاسى ھەم بۇنىڭ ئىچىدىن 4 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە 15 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلغان. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئۇجىمىن رەئىسلىككە، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى قاسىم پاسار، روزىئاخۇنوم مۇسەننىپ، تۇرسۇنئاخۇنوم مۇدەررىس قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. تۇردى روزى كاتىپلىققا قويۇلغان.

يۇقىرىقى دوكلاتلارنى قاراپ چىقىپ مۇناسىپ قارار ماقۇللىغان. يىغىن داۋامىدا دېموكراتىك ئاساستا سايلام ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 53 نەپەر ئەزاسى ھەم بۇنىڭ ئىچىدىن 4 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر ۋە 17 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزالار سايلاپ چىقىلغان. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئۇجىمىن رەئىسلىككە، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى قاسىم پاسار، ياسىن بوۋاق، روزىئاخۇنوم مۇسەننىپلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇردى روزى كاتىپلىققا قويۇلغان.

دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا يۇقىرىقى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، روزىئاخۇنوم مۇنەججىم، ساۋۇر بارات، جاپپار رەجەپ، تۇردى روزى، ئەمەت ھاجىم، قادىر خۇيسۇ، توختىئاخۇن ياڭاق، قۇربان تۇلۇم، ھەسەن قادىر، ئاۋلاخان غوجا، مۇسائەلەم ئاخۇنوم، ئابدۇللا مۇدەررىس ئاخۇنوم، باۋدۇنئاخۇنوم مۇپتى قاتارلىقلار سايلانغان بولۇپ، ئومۇمىي ئەزانىڭ 32 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئومۇمىي ئەزا ئىچىدىن پارتىيىلىكلەر 12 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 41 نەپەرنى؛ ئۇيغۇر 48 نەپەر، خەنزۇ 2 نەپەر، خۇيزۇ 2 نەپەر، مانجۇ 1 نەپەرنى؛ ئەر 51 نەپەر، ئايال 2 نەپەرنى تەشكىل قىلغان.

يىغىن ئاياغلىشىش ئالدىدا ھاكىم قاسىم پاسارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھىيىنىڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى (سەييۇ ماتورلۇق) ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغان.

## 3. سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى (1962.6 —— 1963.6)

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، مۇئاۋىن ھاكىم يەن جەنپۇنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ھەم مالىيە نەق چوت، خام چوت دوكلاتى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاتارلىق دوكلاتلارنى ئاڭلاپ قاراپ چىققان.

يىغىن داۋامىدا دېموكراتىك ئاساستا سايلام ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 61 نەپەر ئومۇمىي ئەزاسى ھەم بۇنىڭ ئىچىدىن 4 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، 15 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىققان. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئۇجىمىن رەئىسلىككە، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئابدۇقادىر تۆمۈر، روزىئاخۇنوم مۇسەننىپ، تۇرسۇنئاخۇنوم مۇدەررىس قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. تۇردى روزى كاتىپلىققا قويۇلغان.

دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا يۇقىرىقى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ياسىن بوۋاق، تۇردى روزى، قۇربان تۇلۇم، توختىئاخۇن ياڭاق، ئەمەت ھاجىم، قادىر خۇيىسۇ، سەيدى ئەلەم ئاخۇنوم، ئىمىن رەئىس ئاخۇنوم، ئابدۇللا مۇدەررىس ئاخۇنوم، قاسىم ئەلەم ئاخۇنوم، مەتتوختى ئوسمان قاتارلىقلار سايلانغان بولۇپ، ئومۇمىي ئەزانىڭ 24پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئومۇمىي ئەزا ئىچىدىن پارتىيىلىكلەر 12 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 49 نەپەرنى؛ ئۇيغۇر 56 نەپەر، خەنزۇ 3 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر، مانجۇ 1 نەپەرنى؛ ئەر 60 نەپەر، ئايال 1 نەپەرنى تەشكىل قىلغان.

دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا يۇقىرىقى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ساۋۇر بارات، ياسىن بوۋاق، تۇردى روزى، قۇربان تولۇم، توختىئاخۇن ياڭاق، ئەمەت ھاجىم، قادىر خويسۇ، روزنىئاخۇنوم مۇنەججىم، مۇسىراخۇن ئەلەم، ئابدۇللا مۇدەررىس ئاخۇنوم، قاسىم ئەلەم ئاخۇنوم قاتارلىقلار سايلانغان بولۇپ، ئومۇمىي ئەزانىڭ %24.5 نى تەشكىل قىلغان. ئومۇمىي ئەزا ئىچىدىن پارتىيىلىكلەر 14 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 47 نەپەرنى؛ ئۇيغۇر 56 نەپەر، خەنزۇ 2 نەپەر، خۇيزۇ 2 نەپەر، مانجۇ 1 نەپەرنى؛ ئەر 60 نەپەر، ئايال 1 نەپەرنى تەشكىل قىلغان.

## 4. سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى (1963.6 —— 1965.12)

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ سانلىق يىغىنى 1963 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە كېرىيە ناھىيە شەھەر ئىچىدە ئېچىلغان. يىغىنغا 12 ساھەدىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېت ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا 61 نەپەر، سىرتتىن تەكلىپ بىلەن 27 كىشى بولۇپ جەمئىي 88 نەپەر كىشى قاتناشقان.

يىغىندا، ھاكىم ئابدۇقادىر تۆمۈر ئېچىلىش نۇتقى، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياسىن بوۋاق ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېت نامىدىن خىزمەت دوكلاتى ھەم ئەزالارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى بەرگەن. ئەزالار بۇ دوكلاتلارغا قاراپ چىقىپ مۇناسىپ قارار ماقۇللىغان. ئەزالار يەنە، ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك

ئەزالىرى سايلاپ چىقىلغان. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئۇجىسىن رەئىسلىككە، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئابدۇقادىر تۆمۈر، روزىئاخۇنوم مۇسەنىپ، تۇرسۇنئاخۇنوم مۇدەررىس قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. تۇردى روزى كاتىپ بولغان.

دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا يۇقىرىقى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىسىن تۇردى، قۇربان تۇلۇم، تۇردى روزى، ئەمەت ھاجىم، قادىر خۇيسۇ، روزى مەممەت تاش، ئابدۇللا مۇدەررىس ئاخۇنوم، ئىمىن رەئىس ئاخۇنوم، سەيدى ئەلەم ئاخۇنوم، قاسىم ئەلەم ئاخۇنوم، مەتتوختى ئوسمار قاتارلىقلار سايلانغان بولۇپ، ئومۇمىي ئەزانىڭ 26 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئومۇمىي ئەزا ئىچىدىن پارتىيىلىكلەر 16 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 41 نەپەرنى، ئۇيغۇر 53 نەپەر، خەنزۇ 2 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر، مانجۇ 1 نەپەرنى؛ ئەر 56 نەپەر، ئايال 1 نەپەرنى تەشكىل قىلغان.

كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 1965 - يىلى 12 - ئايغا كەلگۈچە ئۆزىنىڭ ئاساسىي فونكسىيىلىك رولىنى يىلدىن - يىلغا ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، بەش نۆۋەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ قېتىملىق يىغىندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ، ئۇنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن سىياسىي كېڭەش پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ تاكى 1981 - يىلىغىچە پائالىيەت ئېلىپ بارالمىغان، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيە سىرتىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ھەم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن بىر قاتاردا كۈرەش - پىپەن قىلىنىپ، سىياسىي كېڭەش «ئىسمى بار، جىسمى يوق» بىر ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغان.

## 5. سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى
## (1965.12 ــــ 1981.6)

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ سانلىق يىغىنى 1965 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە كېرىيە ناھىيە شەھەر ئىچىدە ئېچىلغان. يىغىنغا 12 ساھەدىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا 61 نەپەر كىشى، سىرتتىن 11 نەپەر كىشى بولۇپ جەمئىي 72 نەپەر كىشى قاتناشقان.

يىغىندا، ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى روزىئاخۇنۇم مۇسەنىپ ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىگەن. ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر تۆمۈر خىزمەت دوكلاتى بەرگەن. رەئىس ئۆجىمىن بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا دوكلات بەرگەن. ئەزالار خىزمەت دوكلاتىغا قاراپ چىقىپ مۇناسىپ قارار ماقۇللىغان. يىغىن ئاخىرىدا بىرلىككەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەتتۇرسۇن روزى يىغىننىڭ يېپىلىش نۇتقىنى سۆزلىگەن. ئەزالار ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ھاكىم ئابدۇقادىر تۆمۈرنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ھەم مالىيە ئىدارىسىنىڭ ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ قاراپ چىققان.

يىغىن داۋامىدا، دېموكراتىك ئاساستا سايلام ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 57 نەپەر ئومۇمىي ئەزاسى ھەم بۇنىڭ ئىچىدىن 4 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، 15 نەپەر دائىمىي ھەيئەت

دوكلاتىنى ھەم مالىيە ئىدارىسى، ئىككى مەھكىمە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ قاراپ چىقىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنلاشقا بەل باغلىغان.

يىغىن داۋامىدا، دېموكراتىك ئاساستا تولۇق كېڭىشىش ئارقىلىق، سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 73 نەپەر ئومۇمىي ئەزاسى ھەم بۇنىڭ ئىچىدىن 7 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە 21 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلغان. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش مەتتوختى جامال رەئىسلىككە، سۇڭ سىدې (2 - سانلىق يىغىندا تولۇقلانغان)، ئەيسا توختى، ئىمىن رەئىس ئاخۇنۇم، تۇرسۇر قادىر، قاسىم توقسۇن، ۋاڭ شەنجۇڭ (2 - سانلىق يىغىند. تولۇقلانغان) قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. مەتتۇرسۇن روزى كاتىپ بولغان. دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا يۇقىرىقى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مەتتۇرسۇن روزى، تۇردى روزى، خاسىيەتخان ئىبراھىم، ما سۇڭيى، سەيدى ئىبراھىم، جۇبىگيۇ، مەتروزى غازى، مەتتوختى ئوسمان، مەمتىمىن خۇيجاڭ، ئابدۇللا مۇدەررىس، سەيدى ئەلەم، قاسىم ئەلەم، ئابلىز داموللام، باۋۇدۇنئاخۇنۇم تاغ، روزى قارىم، قاسىم سەيدۇللا قاتارلىقلار سايلانغان بولۇپ، ئومۇمىي ئەزالار سانىنىڭ 29 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئومۇمىي ئەزالار ئىچىدىن پارتىيىلىكلەر 10 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 63 نەپەرنى؛ ئۇيغۇر 64 نەپەر، خەنزۇ 7 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر، قازاق 1 نەپەرنى تەشكىل قىلغان.

مۇشۇ يىغىندىن كېيىنلا، ھەر قايسى يېزا - بازارلارد سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىمامدىن يۇقىرى بولغان دىنىي زاتلار قاتناشقان ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشكىمۇ ئوخشاشلا يېڭى باھار ئېلىپ كەلدى. «قېلىن مۇزلار» ئارقا ـ ئارقىدىن ئېرىدى. ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ ئىختىساسلىق ۋەكىللىرى بولغان سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ قەلبى ھاياتبەخش نۇر ئىچىدە ئىللىدى.

## 6. سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى (1981.6 —— 1984.6)

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ سانلىق يىغىنى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك پارتكوم يىغىن زالىدا داغدۇغىلىق ئېچىلىپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى شانلىق ئوبرازىنى يېڭىۋاشتىن يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

يىغىنغا چوڭ ـ كىچىك 17 ساھەدىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا 57 نەپەر كىشى، سىرتتىن 30 نەپەر كىشى بولۇپ جەمئىي 87 نەپەر كىشى قاتناشقان.

يىغىندا، ناھىيىلىك پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى ئەيسا توختى ئېچىلىش نۇتقىنى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش مەتتوختى جامال ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتقا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتىنى سۆزلىگەن. مۇئاۋىن ھاكىم قاسىم توقسۇن يېپىلىش نۇتقى سۆزلىگەن. ئەزالار خىزمەت دوكلاتىغا قارىتا مۇناسىپ قارار ماقۇللىغان. ئەزالار ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ھاكىم ئىسمايىل تۇردىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن

ئارقىلىق، سىياسىي كېڭەش كىرىيە ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 77 نەپەر ئومۇمىي ئەزاسى ھەم بۇنىڭ ئىچىدىن 4 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە 24 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلغان. يولداش ئىسمايىل توردى رەئىسلىككە، ۋاڭ شەنجۇڭ، ئىمىن رەئىس ئاخۇنوم، تۇرسۇن قادىر قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. سەيدى ئىبراھىم كاتىپ بولغان.

دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا يۇقىرىقى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، سى يۈگلەي، قاسىم سەيدۇللا، راشىدىن ھاشىم، ۋاڭ جىنيۈەن، خۇاڭ گوچى، خاسىيەتخان ئىبراھىم، سەيدى ئىبراھىم، ماسۇگيى، ئابدۇللا مۇدەررىس ئاخۇنوم، ئابلىز ئابدۇرېھىم، ئابلىز داموللام، ئابلىز ئاخۇنوم ئىمام، روزى قارىم، باۋۇدۇنئاخۇنوم تاغ، سەيدى ئەلەم ئاخۇنوم، قاسىم ئەلەم ئاخۇنوم، مەتسىدىق ئاخۇنوم تۆمۈرچى، مەتىمىن يۇسۇپ، مەتوختى ئوسمان، ئوبۇلقاسىم روزى قاتارلىقلار سايلانغان، (بىر ئورۇن بوش قالدۇرۇلغان) بولۇپ، دائىمىي ھەيئەت ئەزالار ئومۇمىي ئەزانىڭ 31 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئومۇمىي ئەزا ئىچىدىن پارتىيىلىكلەر 10 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 67 نەپەرنى؛ ئۇيغۇر66 نەپەر، خەنزۇ 8 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر، مانجۇ 1 نەپەر، سالا مىللىتى 1 نەپەرنى؛ ئاياللار 6 نەپەر، ئەرلەر 71 نەپەرنى تەشكىل قىلغان.

يىغىندىن كېيىن ھەر قايسى يېزا ـ بازارلاردىكى ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى يەنىمۇ مۇستەھكەملەنگەن ھەمدە شەھەرگە يېقىن بولغان ئالتەيېزا ـ بازاردىكى 20 نەپەر سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ھەر 15 كۈندە بىر كۈن سىياسىي كېڭەشكە يىغىلىپ ئۆگىنىش ئېلىپ بارغان.

قۇرۇلۇپ، نۆۋەتتىكى سىياسەتلەر ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر كۈن ئۆگىنىلىپ، ئامما ئارىسىدا تەشۋىق قىلىنىپ، ياخشى ئىزچىللىشىشقا تۆھپە قوشۇلغان.

**7. سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى (1984.6 ـــــ 1987.4)**

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ سانلىق يىغىنى 1984 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم مەجلىسخانىسىدا ئېچىلغان.

يىغىنغا 14 ساھەدىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا 73 نەپەر كىشى، سىرتتىن تەكلىپ بىلەن 20 نەپەر بولۇپ، جەمئىي 93 نەپەر كىشى قاتناشقان.

يىغىندا ھاكىم ئىسمايىل تۇردى ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىگەن. ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاسىم توقسۇن خىزمەت دوكلاتى بەرگەن، مۇئاۋىن رەئىس تۇرسۇن قادىر پىكىر ـ تەكلىپلەر خىزمىتى توغرىسىدا دوكلات بەرگەن. بۇ دوكلاتلارغا قارىتا مۇناسىپ قارار ماقۇللانغان. ئەزالار ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ھاكىم ئىسمايىل تۇردىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى، مالىيە ئىدارىسى، ئىككى مەھكىمە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ مۇزاكىرە قىلغان.

يىغىن داۋامىدا، دېموكراتىك ئاساستا سايلام ئۆتكۈزۈش

قاراپ چىققان.

يىغىن داۋامىدا، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 83 نەپەر ئومۇمىي ئەزاسى (بىر ئورۇن كېيىن تولۇقلاشقا قالدۇرۇلغان) ھەم بۇنىڭ ئىچىدىن 6 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە 22 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلغان. يولداش ئىسمايىل تۇردى رەئىسلىككە، چىڭ يۈەنشى، ئوبۇلقاسىم روزى، ئىمىن رەئىس ھاجىم، ئابلىز ھاجىم، تۇرسۇن قادىر ھاجىم قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. ئابدۇللا تۇرسۇن كاتىپ بولغان. دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا يۇقىرىقى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مەتروزى باۋۇدۇن، قاسىم سەيدۇللا، ئابدۇللا تۇرسۇن، مەمتىمىن تۇرسۇن، راشىدىن ھاشىم، خاسىيەتخان ئىبراھىم، ئابدۇللا مۇدەررىس ھاجىم، روزى قاسىمئاخۇنۇم، ئابلىز داموللام، ئابلىز ئابدۇرېھىم، باۋۇدۇنئاخۇنۇم تاش، سەيدى ئەلەم ئاخۇنۇم، قاسىم ئەلەم ئاخۇنۇم، مەتسىدىق ھاجىم، مەتتوختى ئوسمان، ئابدۇراخمان قارىيھاجىم قاتارلىقلار سايلانغان بولۇپ، ئومۇمىي ئەزانىڭ 8 .26 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان.

ئومۇمىي ئەزا ئىچىدىن پارتىيىلىكلەر 30 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 52 نەپەر؛ ئۇيغۇر 73 نەپەر، خەنزۇ 7 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر، قازاق 1 نەپەرنى؛ ئەرلەر 75 نەپەر، ئاياللار 7 نەپەرنى تەشكىل قىلغان. يىغىندىن كېيىن رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ئەزا ھەم ئورگان كادىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغا ھالدا ① مىللىي، دىنىي، مۇھاجىرلار؛ ② مەدەنىي مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش؛ ③ سىياسىي قانۇن؛ ④ زىيالىيلار، پەن - تېخنىكا؛ ⑤ سودا - سانائەت، يەككە ئەمگەكچىلەر؛ ⑥ ئاممىۋى

## 8. سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى
## (1987.4 ـــــ 1990.8)

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ سانلىق يىغىنى 1987 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك پارتكوم يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن. يىغىنغا 12 ساھەدىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، بۇ نۆۋەتلىك كومىتېتقا سايلام ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى بولغان 83 نەپەر كىشى ۋە تەكلىپ بىلەن قاتناشقانلار بولۇپ جەمئىي 95 نەپەر كىشى قاتناشقان.

يىغىندا، ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىن رەئىس ھاجىم يىغىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىگەن. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى گاۋلىمىن تەبرىك سۆزى سۆزلىگەن. رەئىس ئىسمايىل تۇردى 7 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى بەرگەن. مۇئاۋىن رەئىس تۇرسۇن قادىر ھاجىم 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتتىن بۇيانقى پىكىر ـ تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا، ئىمىن رەئىس ھاجىم مۇشۇ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى، ئوبۇلقاسىم روزى يېپىلىش نۇتقى سۆزلىگەن. ئەزالار ئىككى دوكلاتقا قاراپ چىقىپ مۇناسىپ قارار ماقۇللىغان. ئەزالار يەنە 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى يولداش ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ھەم مالىيە ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىنى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ

توغرىسىدا دوكلات بەرگەن. يىغىن ئاخىرىدا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش گاۋ لىمىن «پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، كېرىيىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆچ چىقىرايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەرگەن. مۇئاۋىن رەئىس يۈسۈپ سالەي خۇلاسە سۆزى سۆزلىگەن. ئەزالار يۇقىرىدىقى ئىككى دوكلاتقا قاراپ چىقىپ مۇناسىپ قارار ماقۇللىغان.

ئەزالار ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، خ... ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى يولداش ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ھەم مالىيە ئىدارىسى، ئىككى مەھكىمە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ قاراپ چىققان.

يىغىن داۋامىدا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 82 نەپەر ئومۇمىي ئەزاسى (بىر ئورۇن بوش قالدۇرۇلغان) ھەم بۇنىڭ ئىچىدىن 7 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە 24 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلغان. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش گاۋ لىمىن رەئىسلىككە، مەترozى باۋۇدۇن، يۈسۈپ سالەي، چېڭ يۈەنشى، ئىمىن رەئىس ھاجىم، ئابلىز ھاجىم، تۇرسۇن قادىر ھاجىم قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. مەترozى ئەخمەت كاتىپ بولغان.

دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا يۇقىرىقى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا قاسىم سەيدۇللا، مەترozى ئەخمەت، مەمتىمىن تۇرسۇن، راشىدىن ھاشىم، خاسىيەتخان

تەشكىلاتلار؛ ⑦ پىكىر ـ تەكلىپلەر؛ ⑧تارىخىي ماتېرىياللار؛ ⑨ ئۆگىنىش، تەشۋىقات قاتارلىق تۈۋقۇز خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان ھەمدە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت قائىدىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت قائىدىسىنى تۈزۈپ يولغا قويغان. شۇنداقلا، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ (89) 15 ـ نومۇرلۇق تەستىق ھۆججىتىگە ئاساسەن ھەرقايسى يېزا ـ بازارلاردا سىياسىي كېڭەش خىزمىتى ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە كېڭەيتىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

## 9. سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى (1990.8 —— 1993.2)

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ سانلىق يىغىنى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك پارتكوم يىغىن زالىدا ئېچىلغان. يىغىنغا 12 ساھەدىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا 82 نەپەر كىشى ۋە تەكلىپ بىلەن قاتناشقانلار بولۇپ جەمئىي 95 نەپەر كىشى قاتناشقان. يىغىندا، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش گاۋلىمىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىگەن. ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ رەئىسى ئىسمايىل تۇردى خىزمەت دوكلاتى بەرگەن.

مۇئاۋىن رەئىس ئوبۇلقاسىم روزى 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت 1 ـ سانلىق يىغىنىدىن بۇيانقى پىكىر ـ تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىشى

## 10. سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتى (1993.2 —— 1997.12)

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - سانلىق يىغىنى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە ناھىيىلىك پارتكوم يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا 10 ساھەدىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا 82 نەپەر كىشى، تەكلىپ بىلەن 32 نەپەر، [illegible] ولۇپ جەمئىي 114 نەپەر كىشى قاتناشتى. ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىدىن مۇئاۋىن مۇدىر يولداش يۈۋېنرۇ باشچىلىقىدىكى ئۈچ نەپەر يولداشمۇ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ سالەي رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ رەئىسى يولداش گاۋ لىمىن ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. يولداش يۈ ۋېنرۇ ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى نامىدىن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش قۇربان ناسىر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن تەبرىك سۆزى سۆزلەپ ئۆتتى. مۇئاۋىن رەئىس مەتروزى باۋۇدۇن رەئىس گاۋ لىمىننىڭ ھاۋالىسىغا ئاساسەن خىزمەت دوكلاتى بەردى. مۇئاۋىن رەئىس يولداش يۈسۈپ سالەي پىكىر - تەكلىپلەر توغرىسىدا خىزمەت دوكلاتى بېرىپ ئۆتتى. مۇئاۋىن رەئىس

ئىبراھىم، ئابلىز ئابدۇرېھىم، ئىمىن ھاجىم شەيخ، مەتتوختى خەيرەت ھاجىم، ئابلىز داموللا ھاجىم، ئىمىن ھاجىم، سەئىدى ئەلەم ھاجىم، قاسىم ئەلەم ھاجىم، مەتسىدىق ھاجىم، ئابدۇراخمان قارىھاجىم، ئوبۇلھەسەن تۇردى، تۇرنىسا رەخمىتۇللا، لۈك شىياۋرۇك قاتارلىقلار سايلانغان (بىر ئورۇن بوش قالدۇرۇلغان). دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ئومۇمىي ئەزالارنىڭ 29 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئومۇمىي ئەزالار ئىچىدىن پارتىيىلىكلەر 31 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 51 نەپەرنى؛ ئۇيغۇر 73 نەپەر، خەنزۇ 7 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر، قازاق 1 نەپەرنى؛ ئەرلەر 75 نەپەر، ئاياللار 7 نەپەرنى تەشكىل قىلغان.

يىغىندىن كېيىن رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ھەيئەتلەر ۋە ئورگان كادىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ①تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش؛ ②ئۆگىنىش، تەشۋىقات، مىللىي، دىنىي، مۇھاجىرلار؛ ③ مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە، سىياسىي قانۇن، زىيالىيلار ۋە پەن ـ تېخنىكا، سودا ـ سانائەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار قاتارلىق ئۈچ ۋاقىتلىق خىزمەت كومىتېتى قۇرۇپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان.

1991 ـ يىلى 17 ـ يانۋاردا 2 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ «سىياسىي جەھەتتە مەسلىھەتلىشىش، دېموكراتىك ئاساستا نازارەت قىلىش» توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى ماقۇللىنىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ (91) 16 ـ نومۇرلۇق تەستىق ھۆججىتى ئارقىلىق يولغا قويۇلغان.

پارتىيىسىزلەر 53 نەپەرنى؛ ئۇيغۇر 74 نەپەر، خەنزۇ 9 نەپەر، قازاق 1 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەرنى؛ ئەرلەر 77 نەپەر. ئاياللار 8 نەپەرنى تەشكىل قىلغان.

يىغىندىن كېيىن رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ئورگان كادىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ①تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش؛ ② ئۆگىنىش، تەشۋىقات، مائارىپ، دىنىي، مۇھاجىرلار؛ ③ پەن - تېخنىكا، مەدەنىي - مائارىپ، سەھىيە، تارىخىي ماتېرىياللار؛ ④ سىياسىي قانۇن، سودا - سانائەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار قاتارلىق تۆت ۋاقىتلىق خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان.

94 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ «ھەرقايسى يېزا - بازارلاردا سىياسىي كېڭەش خىزمىتى ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىپ، مۇستەھكەملەش» توغرىسىدىكى (94) 38 - نومۇرلۇق ھۆججىتىگە ئاساسەن 14 يېزا - بازاردا تەشكىلىي ئاپپاراتى بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، خىزمەتلەر ئەتراپلىق قانات يايدۇرۇلدى.

## 11. سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتى (1997.12 ——)

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - ساناتلىق يىغىنى 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ناھىيىلىك پارتكوم يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا ناھىيە تەۋەسىدىكى ئون نەچچە ساھەدىن مۇشۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا سايلام ئارقىلىق

مەتروزى باۋۇدۇن يىغىن ئاخىرىدا يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى. يىغىن ئاخىرىدا 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ رەئىسى يولداش گاۋ لىمىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئەزالار يۇقىرىقى ئىككى دوكلاتقا قاراپ چىقىپ مۇناسىپ قارار ماقۇللىدى. ئەزالار ناھىيىلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى يولداش مەتنىياز رەجەپنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ھەم مالىيە ئىدارىسى، ئىككى مەھكىمە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ قاراپ چىقتى.

يىغىن داۋامىدا، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش كىرىيە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 85 نەپەر ئومۇمىي ئەزاسىنى ھەم بۇنىڭ ئىچىدىن بەش نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە 24 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى. يولداش يۇسۇپ سالەي رەئىسلىككە، چېڭ يۈەنشى، دياۋ چەنسېڭ، ئابلىز ھاجىم، ئوبۇلھەسەن تۇردىلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. مەتروزى ئەخمەت كاتىپلىققا قويۇلدى.

دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا يۇقىرىقى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مەتروزى باۋۇدۇن، ئەيسا ئىبراھىم، مەتروزى ئەخمەت، ئابدۇۋەلى ئىمىن، خاسىيەتخان ئىبراھىم، لۇڭ شياۋرۇڭ، مەتتۇرسۇن سۇلايمان، تۇرنىسا رەھمىتۇللا، شي چىڭخۇا، تۇرسۇن قادىر ھاجىم، مەتتوختى خەلپەت ھاجىم، ئىمىن ھاجىم شەيخ، ئىمىن ھاجىم، مەتشىرا ھاجىم، ئابلىز داموللا ھاجىم، ئابدۇراخمان قارىھاجىم، دۆلەت ھاجىم، قاسىم ئەلەم ھاجىم، مەتكېرىم ھاجىم قاتارلىقلار سايلاندى. بۇ ئومۇمىي ئەزانىڭ 29 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

ئومۇمىي ئەزالار ئىچىدىن پارتىيىلىكلەر 32 نەپەر،

ئۆتتى. ئەزالار يەنە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى 13 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى يولداش ئابدۇللا قۇربانىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ھەم مالىيە ئىدارىسى، ئىككى مەھكىمە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ قاراپ چىقتى، ھەمدە يۇقىرىقى دوكلاتلارغا ئاساسەن بۇ نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارىنى ماقۇللىدى.

يىغىن داۋامىدا، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش كىرىيە ناھىيىلىك 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 111 نەپەر ئومۇمىي ئەزاسى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى ھەم بۇنىڭ ئىچىدىن نەپەر دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنى ھەمدە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ئىچىدىن يەتتە نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى سايلاپ چىقتى. يولداش ئەيسا توختى رەئىسلىككە، جاۋ شىجەن، ئابدۇراخمان يۈسۈپ، لى چىڭخۇا، رېھىم نىياز، ئىمىن ھاجىم، مەتسىدىق ھاجىم قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

دائىمىي كومىتېتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا يۇقىرىقى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا سۇلتان ياقۇپ، مەتروزى ئەخمەت، ئابدۇلھەمىت قاسىم، مەتتۇرسۇن سۇلايمان، كىرىمۇللا، ۋاڭ يۇلىڭ، ئامىنەم رەجەپ، ئادىل ياسىن، تۇرسۇن قادىر ھاجىم، ئوبۇلھەسەن تۇردى، مەتكېرىم ھاجىم، ئابدۇلھېكىم خەلپىتىم، ئىمىن داموللام، رەجەپ ئاخۇنۇم، ئالاۋۇدۇن ئاخۇنۇم، دۆلەت ھاجىم، قاسىم قارىھاجىم، ئابدۇقادىر خەلپەت ھاجىم، مەتتۇرسۇن ھاجىم، ئابدۇباقى ھاجىم قاتارلىقلار سايلاندى. بۇ ئومۇمىي ئەزانىڭ 24.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

ئومۇمىي ئەزالار ئىچىدە پارتىيىلىكلەر 44 نەپەر،


ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى بولغان 111 نەپەر كىشى، تەكلىپ بىلەن 29 نەپەر بولۇپ، جەمئىي 140 نەپەر كىشى قاتناشتى. ۋىلايەتتىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەيئىتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش تۇرسۇن توختى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش لى گۋاڭچەن، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يولداش يۈ مىڭلىن قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يەنە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى يولداش جۇرئەت مەتتىمىن، مۇئاۋىن ۋالىي ليۇ شىڭ، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش گاۋ لىن قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىپ، ئەزالار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، سەمىمىي سۆھبەتلەشتى...

يىغىننىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئابدۇراخمان يۈسۈپ بىلەن جاۋ شىجەن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى بىلەن باشلاندى. ناھىيە رەھبىرى يولداش ئەيسا توختى ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش لى گۋاڭچەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قاتارلىق ۋىلايەتتىكى رەھبىرىي ئورگانلارغا ۋاكالىتەن، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش لى بىڭ ناھىيىدىكى بەش رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا ۋاكالىتەن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى.

سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش يۈسۈپ سالەي خىزمەت دوكلاتى بەردى. مۇئاۋىن رەئىس يولداش ئابدۇراخمان يۈسۈپ پىكىر - تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىشى توغرىسىدا خىزمەت دوكلاتى بېرىپ

تەلەپ ـ ئېھتىياجىغا جىددىي ماسلىشىپ، «مەسلىھەتلىشىش. نازارەت قىلىش» فۇنكسىيىسىنى ناھايىتى ياخشى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەم ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ قىزغىن ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.



پارتىيىسىزلەر 67 نەپەرنى؛ ئۇيغۇر 91 نەپەر، خەنزۇ 17 نەپەر، قازاق 1 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەرنى؛ ئەرلەر 98 نەپەر، ئاياللار 13 نەپەرنى تەشكىل قىلدى. مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى جەھەتتە، ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر 33 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم 14 نەپەر، تولۇق ئوتتۇرا 10 نەپەر، تولۇقسىز ئوتتۇرا 13 نەپەر، باشلانغۇچ 41 نەپەرنى تەشكىل قىلىدۇ.

يىغىن ئاخىرلاشقاندا، 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ رەئىسى يولداش ئەيسا توختى يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ھەيئەت ئەزالار ۋە ئورگان كادىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا؛ ① تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئورگان خىزمىتى؛ ② ئۆگىنىش، تەشۋىقات، مىللىي، دىنىي، مۇھاجىرلار؛ ③ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىي ـ مائارىپ، سەھىيە، تارىخىي ماتېرىياللار؛ ④ سىياسىي قانۇن، سودا ـ سانائەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار قاتارلىق تۆت خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، كونكرېتنى خىزمەت تەقسىماتى قىلىپ، خىزمەتلەر ئەتراپلىق قانات يايدۇرۇلدى.

ئومۇمەن، سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتى بارلىققا كەلگەن 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن يېتەكلىشى ئارقىسىدا، ئۆزىنىڭ «ئىختىساسلىقلار ئائىلىسى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەۋزەللىكىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن بولغان ئەزالارنى پائال ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەم ۋەزىپىلەرنىڭ

مىلادى 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى كېرىيەگە غەربتىن قارخانىلار شاھزادىسى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۇرۇش بېسىمى بىلەن، شىمالدا قارلۇق ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ قىستاپ كىرىشى بىلەن ئومۇملاشتى. قارلۇق قەبىلىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر كېرىيەدە يەرلىشىپ قالدى.

مىلادى 13 - ئەسىردە مەشھۇر سايياھ ماركوپولو كېرىيەدىن ئۆتتى ۋە كېرىيەنى «Pein» (پېئىن) دەپ ئاتىدى. ئۇ ساياھەت خاتىرىسىگە كېرىيە ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلارنى يازدى.

مىلادى 1591 -، 1592 - يىللىرى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاخان ئوغلى ئەبەيدۇللا خاننى خوتەنگە ئامبال قىلىپ تەيىنلىدى. جۇڭغار موڭغۇللىرى كېرىيەنى بېسىۋالدى.

مىلادى 1761 - يىلى كېرىيە، قاراقاش، يورۇڭقاش، چىرا ۋە تاغ (چىرا تاغ رايونى) قاتارىدا 23 كىچىك شەھەرنىڭ بىرى بولدى.

1884 - يىلى كېرىيەدە ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، ئايرىم ئامبال قويۇلدى. نىيا، چىرا ناھىيىلىرىمۇ كېرىيەگە قارىدى.

1890 - يىلى چار روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى خوتەندە كان تەكشۈردى. خوتەندىن كېرىيەگىچە ئۈچ ئالتۇن كېنىنى پىلانغا كىرگۈزدى. كېرىيەنىڭ شەرقىدە بەش ئالتۇن كان، تاغنىڭ جەنۇبىدىن بىر ئالتۇن كان - جەمئىي توققۇز ئالتۇن كاننى بايقىدى.

1904 - يىلى 3 - ئايدا ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ستەيىن كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قارادۆڭ خارابىسىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردى. كېرىيەدىن ئادەم ياللىدى، كېرىيە ئامبىلى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

1909 - يىلى ياپونىيىلىك جى رۈيچاۋسىنىڭ كېرىيەگە

# كېرىيە تارىخىدىكى چولڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى

مەتكېرىم ئىسمايىل

بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى (ھازىرقى پۇلۇ ئەتراپى) ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدا ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىز ياشىغان. باش كالڭ سۆلاق ئىنچىكە تاش قورال ئىزنىنىڭ بايقىلىشى بۇنىڭ ماددىيپاكىتىدۇر.

تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ، 2 ـ ئەسىرلەردە كېرىيەدە ياشىغان يەرلىك خەلق تەرىپىدىن كېرىيە دۆلىتى قۇرۇلغان. تېررتورىيىسى ھازىرقى كېرىيە، چىرا بوستانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. دۆلەت مەركىزىدە 2173 تۈتۈن، 7251 نوپۇس، 1760 ئەسكىرى بولغان («خەننامە» دىن).

مىلادى 1 ـ، 2 ـ ئەسىرلەردە كېرىيەدە بۇددا دىنى ئومۇملاشتى، مانى دىنى ئېتىقادتىن قالدى (بۇ پىكرىمىزنى كېرىيەنىڭ ئاق روملى ۋە كىچىك تەلپەكدىن تەھلىل قىلىپ ئاساسلىيالايمىز، چۈنكى ئاق كىيىم كىيىش، ئاق رومال ئارتىش مانى دىنىي مۇخلىسلىرىغا خاس دىنى ئۆرپ ـ ئادەت؛ كىچىك تەلپەك ـ كونۇس شەكىللىك باش كىيىمى كىيىدىغان ئەجدادلىرىمىز ساكلاردىن قالغانمۇ ياكى بۇددانىڭ تورمەك پېچىنىڭ سىمۋولىمۇ؟ بۇنى تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ).

مىلادى 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەرگىچە كېرىيە دۆلىتى نىسپىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كەلدى. قىسمەن ۋاقىتلاردا ئۇدۇنغا ياكى پىشامشانغا تەۋە بولۇپ قالدى.

ئېلىپ كېلىپ، كېرىيەدە تۇنجى قېتىم كىنو قويدى.

1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەۋلانوپ باشچىلىقىدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ما خوسەننىڭ قولىدىن كېرىيەنى قايتۇرۇۋالدى.

1947 - يىلى سايلام مەزگىلىدە ئارمىيىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭچىلار بىلەن زىيالىيلار ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. گومىنداڭچىلار سۇيىقەستلىك ھەرىكەت پىلانلاپ، قانلىق ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1947 - يىلىنىڭ بېشىدا ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق ئىسمايىل خان كېرىيەنىڭ ھاكىمى بولۇپ سايلاندى.

1949 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيە 2 - جۈن 5 - دېۋىزىيە 15 - تۈەن تەكلىماكان ئارقىلىق خوتەنگە كىردى. شۇنداقلا 15 - تۈەننىڭ بىر قىسمى، مىللىي ئارمىيە 39 - پولكىنىڭ بىر قىسمى غەربتىن كېرىيەگە يۈرۈش قىلدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيە خې جاسەن مۇستەقىل دېۋىزىيىسى چەرچەن ئارقىلىق كېرىيەگە ئورۇنلىشىپ، تىببەتكە يۈرۈش قىلىش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى ھەم كېرىيە ئارقىلىق يول تۈزۈپ، تىببەتكە يۈرۈش قىلدى. ئىسمايىلخان تىنچ يول بىلەن ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

1950 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، كېرىيە ناھىيىسى بۇ مەھكىمە تەركىبىگە كىردى. 4 - ئايدا ھەر قايسى ناھىيىلەردە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. شۇ قارىلىك كېرىيە ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇتەللىپ تۇردىيوپ ھاكىم، شۇ چىنجاڭ مۇئاۋىن ھاكىم، ئوسمان تۇردى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

كېلىپ، كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ، ئىككى قېتىم جەنۇبقا يۈرۈپ قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىسىغا كىرىپ، تىبەتنىڭ شىمالى ئارقىلىق گەنسۇغا قايتتى.

1912 ـ يىلىدىن 1913 ـ يىلغىچە خوتەن، كېرىيە، لوپ ناھىيىلىرىدە ۋابا پەيدا بولۇپ، كۆپلىگەن ئاھالە ئاغرىق ـ سىلاق دەستىدىن ھاياتىدىن ئايرىلدى.

1918 ـ يىلى ياڭ زىڭشىن كېرىيە ناھىيىسىدە قاشتېشى كانىنى ئېچىشقا تەييارلاندى.

1916 ـ، 1917 ـ يىللىرى كېرىيەدە بىر قىسىم چەت ئەللىك سودىگەرلەر پەيدا بولدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا كېرىيەدە 60 تىن ئارتۇق ئەنگلىيىلىك، 400 دىن ئارتۇق روسىيىلىك سودىگەر بار ئىكەن.

1927 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كېرىيە، لوپ، قاراقاش، چىرا قاتارلىق جايلاردىكى ئالتۇن كانلىرىدا ئۆز ئالدىغا ئالتۇن قېزىشنى قويۇۋەتتى.

1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قاراقاش ناھىيىسىدىن كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى چاقماق تېزلىكىدە ئۇلغىيىپ، بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خوتەننى ئىشغال قىلدى. كېرىيەدىمۇ ئابدۇلخەۋەر ھاجى، سۇپى بەگ قاتارلىق كىشىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ كېرىيەدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خوتەن ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشتى.

1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ما خوسەن باندىتلىرى كېرىيەنى بېسىۋالدى.

1935 ـ يىلى سوۋېتلىك تۆت نەپەر مۇتەخەسسىس «ئورال» ماركىلىق ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، كىنو قويۇش ئەسلىھەلىرىنى

1959 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «خوتەن» ( 和阗 ) ۋە «كېرىيە» ( 于阗 ) نىڭ خەنزۇچىسى « 和田 » ۋە « 于田 » گە ئۆزگەرتىلدى.

1960 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ۋىلايەت يورۇڭقاش، قاراقاش، كېرىيە دەريا ۋادىلىرىدا 10 بوز يەر ئېچىش نۇقتىسىنى بېكىتتى. «يېرىم يىل ئىچىدە ۋىلايەت بويىچە 1 مىليون مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى» دېگەن مۇبالىغىچىلىك ئاخباراتى ئېلان قىلىندى.

1958 ـ يىلى قىشتا كېرىيە ناھىيىسىدە كوئىنلۇن ئۆستىڭى، نۇرمۇھەممەت ئېلىش بېشى قاتارلىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى ياسىلىشقا باشلىدى.

1965 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جياڭسۇدىن تۇنجى تۇركۇم زىيالىي ياشلار خوتەنگە كەلدى. 31 ـ كۈنى بۇلارنىڭ بىر بۆلىكى «يېڭىباغ» دېھقانچىلىق مەيدانىغا[1] كەلدى.

1966 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋىلايەتتە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. كېرىيەدىمۇ بۇنىڭ تارماق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1967 ـ يىلى 11 ـ، 12 ـ ئايلاردا كېرىيەدە «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەشكىلاتى قۇرۇلدى.

1968 ـ يىلى ۋىلايەتتىن شەرققە ۋە غەربكە 12 يوللۇق تېلېفون قوبۇل قىلىش ئاپپاراتى ئورنىتىلدى. كېرىيە، گۇما، نىيە ئۈچ ناھىيىدە تارقىتىش پونكىتى قۇرۇلدى.

1973 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كېرىيە پۇلۇ كۆمۈر كېنىدا گاز پارتلاپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 21 نەپەر ئادەم ئۆلدى.

1971 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك

① يېڭىباغ دېھقانچىلىق مەيدانى ـ ھازىرقى يېڭىباغ يېزىلىق پارتكوم ئورگانلاشقان ئورۇننىڭ ئېتراپى.

1951 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 9 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، كېرىيەنىڭ تېغىدىكى سۇ باش دېگەن يەرنىڭ جەنۇبىي، كوئېنلۇن داۋىنىنىڭ غەربىي جىلغىسىدا يانار تاغ پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەردى. پارتلاشقا باشلىغاندا، قاتتىق ئاۋاز بىلەن تاغ چوققىسىدىن غايەت زور ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلدى. كېيىن يەنە ئۈچ قېتىم پارتلىدى. ھەر قېتىملىق پارتلاش پەقەت بىر نەچچە مىنۇت داۋام قىلغاچقا، ئىس ـ تۈتەكنىلا كۆرگىلى بولدى. كېيىن بىر قانچە كۈنگىچە بۇ ئىس توختىمىدى.

1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كېرىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ، نىيا، كېرىيە، چىرا ناھىيىلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

1958 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «قىزىلبايراق» يېزىسىدىكى ئەمگەك[1] نەمۇنىچىسى قۇربان تۇلۇم بېيجىڭغا بېرىپ، ماۋ جۇشىنى كۆردى. مۇخبىر بۇ كۆرۈنۈشنىڭ فوتو سۈرىتىنى تارتىۋالدى. بۇ فوتو سۈرەت «خەلق گېزىتى» دە خەۋەر بىلەن بېسىلدى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم قارار ماقۇللاپ، 1958 ـ يىللىق 10 مىڭ توننا پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئېلان قىلدى ۋە ئۈچ پولات تاۋلاش بازىسىنى بېكىتتى. كېرىيە، لوپ، چىرا قاتارلىق ئۈچ ناھىيە بىرىنچى پولات تاۋلاش بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

1959 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تۇنجى قېتىملىق ناھىيە دەرىجىلىك «يېزا ئىگىلىكىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ باھالاش» ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىم يەتتە ناھىيە، 22 يېزا ئېكسكۇرسىيە قىلىندى. كېرىيە ناھىيىسى قىزىل بايراققا ئېرىشتى.

---

[1] قىزىلبايراق يېزىسى ـ ھازىرقى شەنبە بازار يېزىسى

«7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپى كېرىيەنىڭ يېڭىباغ دېھقانچىلىق مەيدانىدا قۇرۇلۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

1977 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كېرىيە بوستان شالىلىق رايونىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1 ـ ئومۇمي مەھسۇلات تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە 500 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، مو بېشى ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى 1000 جىڭغا يەتكەن ئەترەتلەر ۋە «خۇاڭخېدىن ئۆتكەن» ئەترەتلەر مەيدانغا كەلدى.

1983 ـ يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قازناق بۇتخانا خارابىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بۇ قېزىشقا مەسئۇل بولدى.

1988 ـ يىلى ۋالىي غوپۇر ئابدۇللا كېرىيە دەرياسى بويىدا بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، دەريا بويى خەلقىگە ئەمەلىي ياردەملەرنى بەردى.

1989 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى دەريا بويى يېزىسى قۇرۇلۇپ، بۇ يېزىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سودا، قاتناش ئىشلىرى راۋانلاشتۇرۇلدى.

1989 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر دەريا بويى يېزىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

1989 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە كېرىيە دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى دەريا بويىدىكى مارجانلىق ۋە پۇلۇنىڭ شىمالىدىكى باش كەڭسۇلاق ئىنچىكە تاش قورال ئىزنى تاپتى.

1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋە 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو ـ فرانسىيە كېرىيە دەريا بويىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى كېرىيە دەريا بويى يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى قارادۆڭ خارابىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

# 于田文史资料

中国人民政治协商会议于田县委员会文史资料室编
地址:于田县新城路 2 号　　邮编:848400

乌鲁木齐福利印刷厂印刷
32 开本　　数量:4000
2000 年 11 月第 1 版　2000 年 11 月第 1 次印刷

新疆维吾尔自治区内部资料准印证(2000)467 号